پەرھات كازىمى

# ئوغرى ئاتىلىپ قالغان قىز



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

پەرھاد كازىمى

# ئوغرى ئاتىلىپ قالغان قىز

(بالىلار ھېكايىلىرى)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەريەم قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# ئوغرى ئاتىلىپ قالغان قىز

(بالىلار ھېكايىلىرى)

ئاپتورى: پەرھاد كازىمى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.25
2003 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4517 — 2/I.4058
سانى: 1—3000
باھاسى: 4.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

قىشلىق كىيىم ........................ 1
مەنمۇ كۈندىلىك خاتىرە يازالىدىم........................ 11
پۈتى سۇنغان «ئايروپىلان» ........................ 17
خاسىيەتنىڭ ئائىلىسى ........................ 24
ئەپۇ سوراش خېتى ........................ 33
ئاپامنىڭ كونا پەلتوسى........................ 38
مۈشۈك ........................ 45
قىزىلگۈل ........................ 50
يۈرەكتىكى ئوت ........................ 54
ئىدىسون، ئىدىسون، ئىدىسون! ........................ 61
پۇرسەت........................ 70
«ئوغرى» ئاتىلىپ قالغان قىز........................ 76
كىچىك مۇئەللىم ........................ 89
ھاكىمنىڭ قىزى ........................ 94

# قىشلىق كىيىم

كۈزنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى مەكتەپكە ماڭ-
غىنىمدا قۇلاقلىرىمنى ئۇششۇتۇشقا باشلىدى. ئې-
تىز ئىشلىرىمىزنىمۇ تۈگىتىۋالدۇق. چۈنچىدىكى
ياپېشىل ئۈزۈملەرنى ئۈزۈم باھاسى راسا ئۆرلىگەن-
دە سېتىۋالساق دادام ماڭىمۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ ۋې-
لىسىپىت ئېلىپ بېرەر. ئاپاممۇ قېلىن پاختىلىق
ئىشتان بىلەن چاپاندىن ئازاد قىلىپ ئامانجاننىڭكى-
دەك ھەم يېنىك، ھەم كۆركەم پەي چاپان ئېلىپ
بېرەر. شۇڭىمىكىن يازىچە بىكار بولسىملا دادامغا
ياردەملىشىپ تەكلىكتىن بېرى كەلمىدىم. نەچچە
قېتىم ۋېلىسىپىتنىڭ ئىشىنى تۇيدۇرماي دادامغا
دەۋالدىم، دادامۇ غەرىزىمنى چۈشەنگەندۇ. ئىچىم-
دە ئۈزۈم باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى، ئۈزۈمنىڭ بول-
تۇرقىدىن بىراقلا بىر ھەسسە مول بولۇشىنى تىلى-
دىم. ئۈزۈمنى چۈنچىگە ئاسقاندىغۇ بولتۇرقىدىن
يىگىرمە بەش چاققا كۆپ چىقتى، ئەمدى ئۈزۈم
باھاسى ئۆسۈپ خېرىدار چىقسا بولاتتى. قىرىشقان-
دەك ئۈزۈم باھاسى خەقنىڭ ئۈزۈمى قۇرۇماي تۇ-

رۇپ راسا ئۆرلىدى. مانا ئەمدى ئۇزۇملەرنى قېقىپ
چۇنچىگە دۆۋىلىگەندە باھانىڭ كۇندىن - كۇنگە چۇ-
شۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدۇ!
ئۆيدىكىلەر: «بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىق-
تىڭ» دەپ يېڭى كىيىم ئېلىپ بەردى، پۇتۇمغا جا
بولسىمۇ خۇرۇم ئاياغ چىقتى. «قىش بولسۇنچۇ
پەتتارنىڭكىدەك ئاپئاق ساياھەت ئايىغى ئالدۇرمى-
سام، بېشىمغىمۇ ئۇچ يىل بۇرۇن ئېلىپ بەرگەن
گىرۋىكىنىڭ تۇكلىرى چۇشۇپ كەتكەن قۇلاقچىنى
كىيمەسمەن. ئەنۋەرجاننىڭكىدەك ئالدىدا يوغان كۆ-
زەينىكى بار خۇرۇم قۇلاقچا كىيمىسەم» دەپ ئويلى-
دىم. ئاچامنىڭمۇ «ئۇنى ئۆگىنىمەن، بۇ ماتېريال-
نى ئالىمەن» دېگەن گەپلىرى يا تۇگىمىدى. دادام-
مۇ ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىل بولغان ئۆتۇكىنى يا-
ماپ كىيگەن بىلەن بىز باللار ماتېريال پۇلى
دېسەك پىخسىقلىق قىلماي، مەردلىك بىلەن بېرى-
دۇ. ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتقان - دە.
ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققىنىمغا بىر ئايدىن ئاش-
تى. ھاۋانىڭ سوۋۇشىغا ئەگىشىپ مەن قىشلىق
كىيىمنىڭ غېمىدە قالدىم. ئاپام يەنە: «ئابدۇرې-
شىت، بۇ يىل كېۋەزدىن ھوسۇل ئالالمىدۇق، ئۇ-
زۇمنىڭ باھاسىنى كۆرۇۋاتىسەن. ئاچاڭنىڭ ئو-
قۇش پۇتتۇرىدىغىنىغا يەنە ئىككى يىل بار، خەقنىڭ

يۇرتىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن. سەن بۇلتۇرقى
پاختىلىق ئىشتىنىڭ بىلەن چاپىنىڭنى كىيىپ تۇر،
پەي چاپان بىلەن يۇڭ ئىشتاننى قولىمىزغا پۇل
كىرگەندە ئېلىپ بېرىمىز» دەرمۇ. بۇ يىل ھەرگىز
پاختىلىق ئىشتان كىيمەيمەن، ئادەمنى لابدۇر كۆر-
سىتىپ، پاختىلىق چاپانچۇ تېخى، ئىسسىق تۇرد-
سەن، دەپ پاختىنى قېلىن سېلىپ ئادەمنى ئېيىق-
تەك قىلىپ قويغان. بوينۇمنى سىقىپ تۇرىدىغان
تۇگمىسىچۇ... دادامۇ قىزىقكەن، بويۇم ئۆزى بى-
لەن تەڭلىشىپ قالسىمۇ مېنى كىچىك بالا دەمدى-
كىن، ئەنسىرەپلا يۈرگەن. ۋېلىسىپېت مىنسەم
«يىقىلىسەن» دەپ توسۇپ تۇرغان. شۇنداق بولسى-
مۇ ئەنۋەرجاننىڭ ۋېلىسىپىتىنى تولا مىنىپ ئۆبدان-
لا ئۆگىنىۋالدىم. مانا ئۆكتەبىر ئېيىمۇ چىقىپ
كېتەي دېدى، چۈنچىدىكى ئۆزۈم شۇ پېتى تۇراتتى.
ئۆزۈم سودىگەرلىرى نەلەردىن ئالدىكىنتاڭ، پارلى-
ۋالغاندەك ئۆزۈملەرنى ئەكېلىپ سېلىشتۇرۇپ با-
قىدۇ. دېھقانلارنىڭ تونۇردەك ئىسسىق ئاپتاپتا كۆ-
يۈپ ـ پىشىپ ئىشلىگىنىگە بىر ھەسسە قىممەت
ئالسىمۇ ئەرزىيدۇ. جىددىي پۇل لازىم بولغانلار
بىر ـ ئىككى خالتىدىن ساتتى. دەرستىن چۈشۈپلا
چۈنچىگە چىقىمەن، بىرەر تالمۇ يېمەيمەن، مەن
بىر تال ئۆزۈم يەپ قويسام ئۆزۈم خوراپ كېتىپ

پۇل بولمايدىغاندەك. بەزىدە ئۆزۈمچە باھا قويۇپ مۆلچەرلەپ باقىمەن، ھېساب قانچە كۆپ چىقسا شۇنچە سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

ئىشلار ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. ئۇزۇم مۆل-چەرىمىزدىكىدىن يېرىم تونىدەك كەم چىقتى، با-ھاسىمۇ ئۆتكەن يىلقى باھاغا يەتمىدى. دادامنىڭ بىر يىللىق ھاردۇقى چىقمىدى. دادام بامداتتىن يېنىپ تەكلىكتە ئىشلەيتتى، مەنمۇ دەرستىن چۈ-شۈپلا ئاپامغا ياردەملىشىپ كىچىكرەك سېۋەت بى-لەن تەكلىككە دۆۋىلەپ قويۇلغان قىغنى توشۇيت-تىم. ئىككى سىڭلىممۇ ياردەملەشكىلى كەلسە، دا-دام: «قىزلىرىم، سىلەر كىچىك، ئاكاڭلار ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئازراق جاپا تارتىپ ئاپاڭلارغا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەرسۇن، سىلەر ئەلاچى بولۇپ ئوقۇساڭلارلا بولدى. بۇ يىل تەكلەرنى ئوبدان كۆچلىۋالساق كېلەر يىلى خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇزۇم-لەر ئوخشاپ قالار...» دەپ كەتكۈزۈۋېتەتتى. ئەل-ۋەتتە شۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ تەكلەرنى كۆچلەپ كۆمۈپ بولدۇق. 11 ـ ئاي كىرىشى بىلەن ئاپام قىشلىق كىيىملىرىمىزنى تېپىشتۇرۇپ يۇيىدىغانلىقى يۇيۇپ، تىكىدىغاننى تىكتى. كۆڭلۈم يەنىلا پەي چاپان بىلەن ساياھەت ئايىغىدا ئىدى. ئاپام بۇلتۇر-قى قىشلىق چاپىنىم بىلەن ئىشتىنىمنى سۆكۈپ،

ئەستىرى بىلەن پاختىسىنى ئالماشتۇرۇپ، يېڭى پاختىدا تىكتۈراتاتتى. نەچچە قېتىم كىيمەيمەن، دەپ باتناپ باقتىم. ئۆگىنىش قىلىپ بولۇپ ئۇخ-لاپ قاپتىمەن، سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە ئۆ-گىنىش قىلدىم. ئاپام:

— ئابدۇرېشىت، بۇلارنى كىيىپ باق، كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

— يەنە كونا پاختىلىق چاپان، ئىشتان كىيمەنمۇ؟

— بۇ يىل كىيىپ تۇر بالام، باشقا كىيىمنى ئون قات كىيسەڭمۇ، نېپىز سېلىنغان پاختىلىق كىيىمگە يەتمەيدۇ.

— كىيمەيمەن، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا لاي-دۇر بولۇپ قالامدىمەن. دادام ۋېلىسىپىتنىمۇ ئې-لىپ بەرمىدى، ئەمدى كىيىمنىمۇ...

— ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ ئاۋۋال كىيىپ باق، بولسا بىزمۇ نېمە دېسەڭلار شۇنى ئېلىپ بەرگۈمىز بار... — ئاپامنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتۇراتاتتى.

مەن ئىلاجسىز قاقشاپ يۈرۈپ كىيىملەرنى كىيىپ كاڭدىن چۈشتۇم، ئاپام ئۇيان - بۇيان سىن-چىلاپ قارىدى، يەڭ، پۇچقاقلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ چاپاننىڭ غول، قولتۇقلىرىنىڭ تارتىشقان - تار-

تىشمىغانلىقىنى سوراپ، ئولتۇرۇپ قوپقانلىقىمغا قاراپ كۆردى. شۇ ئەسنادا مەشتىكى چۆگۈن قايناپ تېشىپ كەتتى، ئىلىۋېتەي دەپ ماڭسام ئاپام:
— مەن ئالاي، ئوتنىڭ يېنىغا بارما بالام، ئاۋۇ. ۋال تالاغا بىر چىقىپ كىر، بولمىسا يېڭى كىيىم كۆيۈپ قالىدۇ، — دېدى.
— بۇلتۇرقى كونا كىيىممنى يېڭى دەيدا تې. خى، — دېدىم مەن دومسايغىنىمچە.
— بۇنىڭ ئەستىرى بىلەن پاختىسى يېڭى، با. لام، مەنمۇ شۇنداقلا كىيىپ بار دېمىدىمغۇ، ئۇستى. گە كىيىدىغانغا سەيپۇڭغا رەخت بېرىپ قويدۇم.
ئاپامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي پاختىلىق ئىش. تاننى سىلىۋېتىپ، يەنە يالاڭ كىيىملىرىمنى قات. لاپ كىيىپ مەكتەپكە ماڭدىم. سىنىپتا ساۋاقداش. لىرىمنىڭ كۆپى ئاللىقاچان قىشلىق كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدى. پارتىدىشىم ئەسقەرجان خۇرۇم چا. پان كىيىۋاپتۇ تېخى، ئىچىم ئىسسىق بولۇپ كەت. تى. كەينىمدىكى پارتىنىڭ ئىچ تەرىپىدە ئولتۇرى. دىغان ئەخمەتمۇ مەندەك دۈگدىيىپ، جىمغۇرلى. شىپ كەتكەنىدى. تەنەپپۇس ۋاقتىدا مەن كەينىمگە قارايمەن ـ دە، بىردەم مۇڭدىشىۋالىمىز. بىر كۈنى ئۇ مەندىن:
— ئابدۇرېشىت، سەنمۇ قىشلىق كىيىم كىي.

مىدىڭمۇ؟ ئىچ ئاغرىتتى دەپ خاپا بولما، قىشلىق كىيىم كىيمىگەن نەچچىمىزلا قاپتىمىز. كىيىمىڭ يوق بولسا ئاپام تىكىپ بەرسۇن، تەڭ كىيەيلى، ئاپام پاختىلىق كىيىم تىكىدىغانغا بەك ئۇستا.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۆزۈڭ تىككۈزۈپ كىيمىدىڭ؟

— تىكىپ تەق قىلىپ قويغىلى نەۋاخ. مەن ئادەمنى كالانپاي، لابدۇر كۆرسىتىدۇ، دەپ ئۇنىمايۋاتىمەن. ئاپام ساڭىمۇ تىكىپ بەرسۇن، تەڭ كىيەيلى، قانداق؟

— مېنىڭ ئاپامۇ تىكىپ قويدى، مەنمۇ شۇ پەي چاپاننىڭ جېدىلىنى قىلىپ كىيمەيۋاتىمەن.

— ھەي ئاداش، ئۆيلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولسا ئېلىپ بېرەتتى. ئامال قانچە، سىلەرنىڭغۇ ياخشىدۇ، بىزنىڭ چاتاق… ئەتىدىن باشلاپ كىيىپ كېلىمىز - ھە!

— گېپىمىز گەپ.

ئەخمەتنىڭ ئاپىسىمۇ ئاپام دېگەن گەپنى دەپتۇ - دە، ئاپامۇ: «سىنىپىڭدىكى بىرەر ساۋاقدىشىڭغا سېنىڭكىدەك تىكىپ بېرەي تەڭ كىيىڭلار» دېگەنىدى. ئەخمەتنىڭ گېپىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈپ ئۆيگە قايتىدىغان چاغمۇ بولدى.

ئەخمەت مەيدان نۆۋەتچىسى بولغاچقا، ئىشىك-تىن چىقىپ كېتىشىتىپ «گېپىمىز گەپ» دېگەننى قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. كەچتە پاختىلىق كى-يىملەرنى قايتا كىيىپ كۆردۈم. ئولتۇرۇپ، قو-پۇپ باقتىم، چاتاق يوق، ئەتىسى كىيىدىغانغا تەق قىلىپ قويدۇم.

سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ پاختىلىق كىيىم-لەرنى كىيىپ تالاغا چىقتىم. ئاپام: «سوغۇق ئۆت-سە كىي دېمىسەممۇ كىيىدۇ» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، كەينىمدىن كۈلۈپ قويدى، بۇنى مەن تام-دىكى ئەينەكتىن كۆرۈۋالدىم. مەكتەپكە ماڭغان چاغدا ئەخمەت مېنى ئالداپ قويىسىزە··· ياق، بۇگۈن كىيمەي باراي، ئەخمەتكە ئالدىنىپ كۈلكىگە قالماي يەنە، دەپ ھاپىلا - شاپىلا پاختىلىق كىيملەرنى سېلىۋېتىپ يالاڭ كىيىملىرىمنى قاتلاپ كىيدىم. مەن سىنىپقا كىرىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئەخمەت پاخ-تىلىق چاپىنىنى كىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئۈستىگە چاپان قاپلىماپتۇ، شىرىغان شىرىقلاردىكى يىپلاردىن كىچىك - كىچىك پاختى-لىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھو-مايدى، مەن ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرۇشۇمغا:

— ۋەدىسىدە تـۇرمـايدىغان يـالغانچـى، — دەپ غودۇڭشىدى.

شۇ ئەسنادا مۇئەللىم كىردى. دەرس باشلى-

نىپ سىنىپ جىمجىتلىقىقا چۆمدى، ئەخمەت، تۇ-
يۇقسىز كۆتۈمگە تەپتى، ۋارقىرىۋەتتىم. سىنىپ
ئىنتىزامى بۇزۇلدى، شۇ چاغدا مۇئەللىم نەچچە
قېتىم ئالىيىپ قويدى. ۋاقىت توشقاندا ئۇ مېنى
چاقىرىپ بولغان ئىشنى سورىدى. سۆزلەپ بەر-
سەم، لام ـ جىم دېمەيلا:
— ماڭ، ئەخمەتنى چاقىرىپ چىق، — دېدى.
ئەخمەتنى مېڭ تەستە چاقىردىم. ئىككىمىز
قورقۇمسىراپ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىر-
دۇق. مۇئەللىم بىزنى تەنقىدلەش ئۇياقتا تۇرسۇن،
ئەكسىچە پۇچقىنىنى قايرىپ ئۆزىنىڭمۇ پاختىلىق
ئىشتان كىيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ نەسىھەت قىل-
دى:
— سىلەرگە نېمە هالى يوغانلىق بۇ، بىز سى-
لەردەك بالا چاغلاردا كىيەي دېسەك بۇنداق ئىسسىق
كىيىم نەدە، قارا، ئەخمەت، كىمنىڭ ئاپىسى مۇ-
شۇنداق كىيىم تىكىپ بېرەلەيدۇ، پەي چاپان دەي-
سىلەر، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقىمۇ تايىنلىق، ساياهەت
ئايىغىنىڭ چىدىمايدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر ـ دە،
شۇنچە قىممەت پۇلغا ئالساڭلار جىق بولسا ئىككى
ئاي، ئاز بولسا بىر ئاي ئاران چىدايدۇ. هازىردىن
باشلاپ ئوغۇل بالا تۇرۇپ كىيىم تاللىساڭلار چوڭ
بولغاندا نېمە بولىسىلەر زادى. ئابدۇرېشىت ئاچاڭ

شۇنداق ياخشى ئوقۇپ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋا-
تىدۇ، سەنچۇ؟ ئويلاپ باق، ئاچاڭ شۇنچە ئاددىي،
ساددا يۇرىدىغان...

مەن ئەتىسىدىن باشلاپ پاختىلىق كىيىملىرى-
نى كىيدىم. مويى چۇشۇپ كەتكەن قۇلاقچىنىمۇ
پاكىز قېقىپ، سۈرتۈپ كىيىپ يۇردۇم. ئەخمەت
ئىككىمىز ئەپلىشىپ قالدۇق. تېخى كېلەر يىلى
ئوخشاش رەختتىن ئاددىي پاختىلىق كىيىم كىيىد-
غانغا ۋەدىلەشتۇق.



# مەنمۇ كۆندىلىك خاتىرە يازالىدىم

كۆندىلىك خاتىرە يېزىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتىم. كۆندىلىك خاتىرە يازدىم دېگەنلەرگە ھەۋەس قىلاتتىم. چىرايلىق، قىممەت پۇللۇق خاتىرە دەپتەردىن نەچچىنى ئېلىپ نېمە يېزىشمنى بىلەلمەي ئىشلىتىپ بولدۇم. يېزىپ قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن، كۆندىلىك خاتىرە يېزىش ماڭا سىرلىق بىلىنىدىغان بولدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا يېزىشنى باشلىۋالىمەن دېگەنىدىم، مانا، ئەنە دەپ بىر مەۋسۇم ئۆتۈپ كەتتى. بۇگۈن چوقۇم يازىمەن، دەپ يازغانلىرىم پەقەت يىل، ئاي، كۈن، ھاۋانىڭ قانداقلىقى، تاپشۇرۇق ئىشلىگىنىم، قايسى مۇئەللىم قايسى دەرسكە كىرگەنلىرىلا بولدى. ئۇيلاپ باقسام ئۇ سىنىپ خاتىرىسى بولۇپ قاپتۇ. دوستۇم، سىزنىڭمۇ كۆندىلىك خاتىرە يازىمەن، دەپ يازالمىغان چاغلىرىڭىز بولغانمۇ؟ ئەمىسە مەن كۆندىلىك خاتىرەمنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن

كۆرسىتەي، كەمچىلىكىم بولسا كۆرسىتىپ بې-
رىڭ. بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى ئاسىيە مۇئەللىمنىڭ
يېتەكچىلىكىدە يازغان.

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، دۈشەنبە، ھاۋا ئوچۇق. سىنىپىمىزدىكى قىرىق بەش ساۋاقداش ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە ئەڭ يېقىن يېزىنىڭ قوشتاغ كەنتىگە ماڭدۇق. مې-نىڭ زادىلا رايىم يوق ئىدى. تۈنۈگۈن سىنىپ مەسئۇلىمىز ئەخمەت مۇئەللىم ئەمگەككە بارىدىغان-لىقىمىزنى ئۇقتۇرغاندا قىزلار چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئىككى كەتمەن توپىنى ئاتالمايدىغان نېمە-سىگە خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى، دېدىم ئىچىمدە. ھەممىمىزنىڭ قولىدا كەتمەن - گۈرجەك، سومكىلىرىمىزدا ئوزۇقىمىز. بىرەر سائەتتەك ماڭ-دۇق. يولدا بىزنىڭ ئەمگەك قىلىمىز، دەپ چۇر-قىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەن دېھقانلار بىزنى كىچىك كۆرۈپ باشلىرىنى چايقىشاتتى. بىر چاغدا ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى بىرەيلەن كېلىپ ئەخمەت مۇئەللىمدىن:

— ئۇكام، ئوقۇغۇچىلىرىڭىز كىچىك-كەن، ئىككى مو يەرنىڭ تەكىنى بىر يۈز ئەللىك يۈەنگە ئېچىپ بەرسەڭلار قانداق؟ — دېدى.

مۇئەللىمنىڭ مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزى-

پىنى تېزرەك ئورۇندىغۇسى بولسىمۇ، ئۇ كىشى-
نىڭ بېرىدىغان ئىش ھەققى ئاز بولغاچقا ئىككىلى-
نىپ قالدى. بىر چاغدا بېشىغا ئاق ياغلىق چىگ-
كەن، ئوتتۇز ئۇچ - ئوتتۇز تۆت ياشلاردىكى بىر
ئايال كېلىپ:
— يۇرۇڭلار، . بالىلىرىم، بىزنىڭ تەكنى ئې-
چىڭلار، ئۇچ يۈز يۈەن بېرىمىز، — دېدى.
— تەكلىرىڭىز قېرى تەكمۇ؟ نەچچە مو؟
— ئون يىللىق تەك، ئۇكام، ئىككى يېرىم مو
كېلەر.
ئەخمەت مۇئەللىم ھېسابلاپ كۆرۈپ ماقۇل
بولدى. قوشتاغ ئىسمى - جىسمىغا لايىق قوشتاغ
ئىكەن. بىز پەسرەك بىر داۋاندىن ئاشتۇق، تاغ
تۈۋىدە پۇتبول مەيدانى چوڭلۇقىدا بىر كۆل بار
ئىكەن، ھەممىمىز كۆلگە قىزىقتۇق، قىزلار چۇر-
قىرىشىپلا كەتتى. ئارىمىزدىكى قوشتاغلىق ئابلىز،
غېنى، تۇغلۇقلار كۆل ھەققىدە قىزغىن سۆزلىدى.
كۆلنىڭ كۈنپېتىش تەرەپىنىڭ توپىسى كىشى ھەي-
ران قالغۇدەك قىزىل ئىدى.
— بۇ توپا نېمىشقا قىزىل؟ — دېدى سىنىپ
باشلىقىمىز ئادالەت.
— بۇ كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئۆلۈپ كەتكەن
ئادەم كۆپ، بولۇپمۇ بالىلار. ئاتا - ئانىلىرى قان

يىغلىغاچقا توپىسى قىزىل بولۇپ قالغانىكەن، —
دېدى غېنى كۆلنى سىرلىق كۆرسىتىپ.

زومچەك ـ زومچەك تەكلەر قىشلىق ئۆيقۇدا
ياتاتتى. بىز ھېلىقى ئايالنىڭ يول باشلىشى بىلەن
ئۆلارنىڭ تەكلىكىگە كەلدۇق. ئەخمەت مۇئەللىم
بىزنى گۇرۇپپىلارغا بۆلدى، مەن ئوسمان، رىسا-
لەت، ئېلى، چىمەنگۇل، پاتىگۇللەر بىلەن بىر گۇ-
رۇپپا بولدۇم. بىر ـ بىرىمىزدىن قىزغىن ئىشلەپ
كېتىۋاتاتتۇق، مېنىڭ كەيپىياتىممۇ كۆتۈرۈلۈپ
قالغانىدى. خوجايىن ئايالنىڭ ئىسمى باھارخان،
يولدىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇل ئىكەن. ئابدۇل ئاكا
بىزگە تەك ئېچىشتىن ئۆلگە كۆرسىتىپ بەردى.
بىرەر سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن ئۇ يەر ـ بۇ يەردە
ئولتۇرۇۋالىدىغانلارمۇ بولدى، ئۆلاردىن بەزىلەر
رەنجىگەنىدى. تۇغلۇقنىڭ گۇرۇپپىسى ئەڭ ئالدىدا
ماڭدى. ئەتراپتا دېھقانلارمۇ تەكلىرنى ئاچماقتا ئىد-
دى. قىزلارمۇ ئوغۇللاردىن قېلىشماي ئىشلىدى.
ئەخمەت مۇئەللىم چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىنى
ئۇقتۇرغاندا چاۋاك چېلىشىپ كەتتۇق. بىز توپ ـ
توپ بولۇشۇپ تەكلىككە تارقىلىپ كەتتۇق. ئابدۇل
ئاكا بىر سېۋەتكە نان، قۇرۇق ئۈزۈم ئەكەلدى.
ئۆيىدىن نان ئەكەلمىگەن گۇلشەن، نازۇك، ئەخ-
تەملەر تارتىنغان ھالدا بىزگە قوشۇلدى، مەنمۇ

«داستىخنىم» نى ئوتتۇرىغا يايدىم. ئاپامنىڭ كىچە پىشۇرۇپ بەرگەن قاتلىمىسى ھەممىگە ياراپ كەت- تى. ئولاش ـ چولاش غىزالىنىپ بولۇپ يۇز مېتىر نېرىدىكى ئۆزۈن كەتكەن جىلغىنى تاماشا قىلدۇق. بىز تۇرغان يەردىن بەش ـ ئالتە مېتىر پەس، تىك يارلىق جىلغا بەك چىرايلىق بولۇپ، سۇپسۇزۇك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇراتتى. ئەمدىلا يەردىن كۆ- تۇرۇلگەن ياپيېشىل ئوتلار خۇددى مەخمەلدەك كۆ- رۇنەتتى. بىر چاغدا غېنى كېلىپ بۇ جىلغىنىڭ يازدا بەك سالقىنلىقىنى، ئۆزىنىڭ دوستلىرى بى- لەن بۇ يەردە قوي باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەچچى- مىز تەتىلدە بۇ يەرگە كېلىپ بىللە قوي بېقىشىپ بېرىدىغىنىمىزنى ئېيتىپ قول باغلىشىۋالدۇق. ئەخمەت مۇئەللىممۇ بۇ يەرگە كېلىپ بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىدىن ھەيران قالدى. يىراقتا نەچچە بېلىق- چى قۇش سازلىقتىن بېلىق تۇتۇپ يۇرەتتى. ئەخ- مەت مۇئەللىم يازدا چوقۇم بۇ يەرگە كوللېكتىپ كېلىپ دالا سەيلىسى قىلايلى، دېگەنىدى، ھەممى- مىز خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتۇق. بىز- نىڭ چۇقانىمىز جىلغىنى بىر ئالدى، چۇشلۇك دەم ئېلىش تۇگىدى. باھارخان ھەدە ماڭا قاراپ يىغلاشقا باشلىدى، ساۋاقداشلىرىم ھەيرانلىق ئىچىدە بىر ماڭا، بىر ئۇنىڭغا قارىغانىدى، باھارخان ھەدە:

— بۇ بالا ئوغلۇمغا بەك ئوخشىشىدىكەن، ئۆمە-
رى ئوخشاشمىسۇن، ئوغلۇممۇ سىزدەك چىرايلىق
ئىدى، ئۆتكەن يىلى كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقاندا
بالامنى كۆل يۇتۇپ كەتتى. بالىلىرىم، سىلەر ھەر-
گىز ئۆزۈڭلار بىلمىگەن كۆلگە سۇ چۆمۈلگىلى بار-
ماڭلار... سىلەرنى كۆرۈپ بالامنى كۆرگەندەك بول-
دۇم، — دېدى.

ئابدۇل ئاكا خۇرسىنىپ قويدى. ئىشىمىز
كۈن بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى. بىز ئۆيلىرىمىزگە
قايتتۇق. ئاسماندا بىر قاتار تۇرنىلار ئۇچۇپ ئۆت-
كەندە ئىززەتگۇل تۇرنىلارغا قاراپ: «قاتار - قاتار
تۇرنىلار، ئارغامچاڭنى تاشلاڭلار...» دەپ قوشاق
قېتىپ يۈگۈرۈپ باقتى. بىز ھېلىقى كۆلگە يېتىپ
كەلدۇق، ئابدۇل ئاكا بىلەن باھارخان ھەدىنىڭ
بالىسى يادىمغا كەلدى. كۆل يۈزىگە چۈشكەن ئا-
خىرقى قۇياش نۇرىدا شۇ بالىنىڭ ۋە باھارخان ھەدى-
نىڭ چىرايى ئەكس ئەتكەندەك بولدى. قىرغاقتىكى
قىزىل توپىلىقتا ئۆسكەن بىر تۇپ سۆگەت ياش
تۆكۈپ يىغلاۋاتقان ئانىدەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا
مەن يازدا كېلىپ سۇغا چۆمۈلىمەن دېگەن ئويۇمدىن
ۋاز كەچتىم.

# پوٚتى سوٚنغان «ئايروپىلان»

ساي كارىزدا چوڭ - كىچىك بەشلا ئائىلىلىك كىشى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر جەمەتتىن. بۇ كارىزلىقلارنىڭ ئىشىكى ئايلاپ - ئايلاپ تاقالمايدۇ. بالىلارنىڭ قورسىقى ئاچسا خالىغان ئۆيگە كىرىپ غىزالىنىدۇ ياكى نان يەيدۇ. كىچىكى تۆت - بەش ياشلاردا، چوڭراقلىرى ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى بەش بالا ھازىر مانا شۇنداق سىنىك - مېنىڭ دېيىشمەي چوڭ بولماقتا.

ئاتا - ئانىلىرى كارىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئېتىزغا، ئاكا - ھەدىلىرى ئون چاقىرىم يىراقتىكى مەكتەپكە كەتكەندە، ئىككى - ئۈچ بوۋاي - مومايلار بىلەن قالىدىغان بۇ بالىلار كارىزنى بېشىغا كىيىشىدۇ. ئۇلار بىردە ئىنەكلەر يالاپ تۈگىلىرىنى پارقىرىتىۋەتكەن موزايلارنى مىنىشسە، بىردە تۈكلىرى بۇدۇر قوزىلارنى ئوينىشىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئامراق ئىتى «يولۋاس»نى ئېلىپ، پات - پات «ئوۋ»غا چىقىشىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئوۋ»لىرى يىراقلاردا كۆرۈنگەن ياۋا توشقان، بۆدۈنە، خامانغا

چۈشكەن پاختەك، كەپتەرلەرنى ئىتقا قوغلىتىش، ئاكىلىرىنىڭ باسماق، قىلتاق قويغانلىرىنى دوراپ خاماندىكى پاخالدا ئويناش. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرى.

باللارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى باتۇر، قوشماق ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى ھەسەن، ھۈسەن. بويى پاكار، ئەڭ كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمى مۇستاپا. ئىككى قىزدىن يېشى چوڭراق، بويى ئېگىز رەكىنىڭ ئىسمى ئىپارگۈل، بويى پاكارراق، دوغىلاق قىزنىڭ ئىسمى زەينەپ. ئۇلار پات - پات جەڭ ئويۇنىمۇ ئويناپ تۇراتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇرۇشۇپمۇ قالاتتى. ئۇلار بىر پەس يىغلاپ باتناشىمۇ، ئەتىسى يەنە ئەپلىشىپ قالاتتى.

بۇلتۇر مۇستاپالارنىڭكىگە كەلگەن شەھەرلىك تۇغقىنى ئەكەلگەن ئويۇنچۇق ماشىنا ۋە ئايروپىلان ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدە ئاجايىپ ئىستەكلەرنى ئويغاتقانىدى، بولۇپمۇ مۇستاپا ئايروپىلانغا بەكلا قىزىقتى. ئۇلار بىر جەمەتنىڭ باللىرى بولغاچقىمىكىن بىر نەرسىلەرنى ئانچە تالىشىپ، جېدەللىشىپ كەتمەيتتى.

بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ كەينى قۇم بارخانلىرى ئىدى. مۇستاپالارنىڭ ئۆينىڭ كەينى تېمىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قۇمغا كۆمۈلگەن

بولۇپ، يىراقتىن قارىسا ئۆيلەر زور سىرىق پارا-
ۋوزدەك كۆرۈنەتتى. ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى ئىككى
قىشىغا دەرەخ تىكىلگەن كارىز ئېرىقىدا سۇپسۇ-
زۇك، ئىچسە سەل تۇزلۇق تېتىيدىغان كارىز
سۈيى قىش - ياز ئېقىپ تۇرىدۇ. يازنىڭ پىژغىرىم
ئىسسىقىدا بۇ باللار مۇشۇ ئېرىققا چۆمۈلۈپ، قۇم-
غا قاقلىنىپ ئۆردەك چۈجىلىرىدەك چۇرقىرىشىپ
ئوينايدۇ.
باللار لايدا ئويۇنچۇق ياساپ ئويناشتى. ھەم-
مىدىن مۇستاپانىڭ لايدىن ياسىغان ئايروپىلانى چى-
رايلىق چىقتى. ھەسەن بىلەن ھۆسەن ماشىنا ياسى-
دى. ئىپارگۈل بىلەن زەينەپ چوڭ - كىچىك قون-
چاقلارنى ياساپ يېيىۋەتتى. تېخى «يىغلاڭغۇ» بال-
لارنىڭ ئاغزىغا ئېمىزگۇ سېلىپمۇ قويدى. ئۇلار
ياسىغان نەرسىلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتتى.
ئويۇنچۇقلار خام، شورلۇق لايدىن ياسالغاچقا ئاپتاپتا
قوناق ناندەك يېرىلىپ، بەزىلىرى پارچىلىنىپ كې-
تەتتى. ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزلىرىدىن ئىزدى-
شەتتى، ياخشى ياسالماپتىمىز، دەپ قايتا ياسايت-
تى. ئۇستىگە پات - پات قۇم چېچىپمۇ تۇردى،
كار قىلمىدى، تېخى سامانلىق لاي بىلەنمۇ ياساپ
باقتى.
ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار يەنە كا-

رىز ئېرىقى بويىدا ئۇچراشتى. ئىپارگۇلنىڭ بوۋىـ
سى قوغۇنلۇقتىن بىر هارۋا قوغۇن ئەكەلدى، ئۇ
باللارغا بىردىن قوغۇن بەردى. باللار ئوغلاقلارـ
دەك تاقلىشىپ قۇملۇققا يۇگۇرۇشتى، قۇم بارخانـ
لىرى ئىچىدىكى ئېگىزرەك دۆڭنى ئۇلار «ئېگىز
چوققا» دەۋالغانىدى. ئۇلار شۇ «ئېگىز چوققا»غا
چىقىپ قوغۇنلىرىنى دومىلىتىپ ئوينىدى. ئاردىن
باتۇر:
— قوغۇننى ئۆگزىگە ئاچىقىپ يەيلى، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىڭ تەسلىكتە ئۆگزىگە يامىـ
شىپ چىقىشىغا ئاسماندا ئايروپىلاننىڭ گۇركىرىـ
گەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ئايروپىلان، ئايروپىلان...
— ئايروپىلان بىزنىڭ ئۆيگە چۈش، ئاپام پولۇ
ئېتىۋاتىدۇ.
— بىزنىڭ ئۆيگە چۈش، بىزنىڭ رەڭلىك تېلېـ
ۋىزور بار.
— بىزنىڭ ئۆيگە چۈش، ئاپام ئىككىمىزگە
ئوسما قويۇپ قويىدۇ.
— هەي، ئۇ دېگەن ئوغۇل بالا؟
— قىز بالا!
باللار تالاش ـ تارتىش قىلىپ بولغۇچە ئايروـ
پىلان ئۇزاپ بارغانسېرى كىچىكلەپ كۆزدىن غايىب
بولدى.

— بىزمۇ ئايروپىلان بولۇپ ئۇچايلى، — دېدى باتۇر قوللىرىنى كەڭ يېيىپ، ئايروپىلاننىڭ ئاۋا-زىنى دوراپ. ئۇ دۆڭدىن پەسكە قاراپ يۈگۈردى، باشقىلارمۇ ئۇنى دوراپ يۈگۈردى. ئۇلار تولا ئۇ-چۇپ ھالىدىن كېتىپ قوغۇنلىرىنى تۇمشۇقىدىن چىشلەپ يېيىشىپ ئارام ئېلىشتى. ئۇلار قوغۇنلى-رىنى يېيىشىپ بولغاندىن كېيىن باتۇر:

— مەن بىر ئىشنى كۆردۇم، تاغدا چۇش كۆر-دۇم، — دېدى.

— نېمە ئىش؟

— نېمە ئىش؟

— ئۆگزىدىن پەسكە ئۇچۇپ ئوينايلى. ئالغا!

ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمۇدەپ ئېغىلنىڭ تېمى بىلەن ئۆگزىگە چىقتى. باتۇر بىرىنچى بولۇپ بى-لەكلىرىنى قۇشنىڭ قانىتىدەك يېيىپ، بېغىشنى لەپەڭلىتىپ، ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر بوم چىقىرىپ ئۇچتى. ئۇ قۇمغا چۇشۇپ خۇشاللىقتىن موللاق ئېتىپ يەنە تامغا ياماشتى. ئىپارگۇل بىلەن زەينەپ ئۇچۇرما بولمىغان قارلىغاچ باللىرىدەك تۇرخۇنغا يۆلىنىپ قورقۇمسىراپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەسەن، ھۇسەنمۇ باتۇرنى دوراپ كۆزلىرىنى يۇمۇپلا ئۇچ-تى. نۆۋەت مۇستاپاغا كەلگەندە ئۇ ئاۋۋال لەپكە كېلىپ تۇكۇردى، تۇكۇرۇكى خېلى يىراققا چۇش-

كەنلىكىنى كۆرگەن مۇستاپا مەمنۇن بولدى ـ دە، بىلەكلىرىنى كېرىپ باتۇرنى دوراپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچتى. ئۇ ئۆگزىدىن سەكرىگەندە كۆزلىرىنى يۇ-مۇۋالدى. ئىللىق شامال ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتكەندە شۇنداق راھەت ھېس قىلدى. مۇستاپا ئىك-كىنچى قېتىم سەكرىگەندە «ۋاي··· جان··· » دېگە-نىچە كىرپىدەك تۈگۈلۈپ قالدى. ھەمراھلىرى يۇ-گۈرۈشۈپ بېرىپ چوڭلارنى چاقىردى. مۇستاپانىڭ ئاتىسى ئاتنى ياۋىداق مىنىپ، ئۇنى ئالدىغا ئېلىپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتۇردى.

ئارىدىن بەش ئاي ئۆتۈپ جاھان ئىللىپ باھار كەلدى. قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىنى كۆرسىمۇ كۆزىگە ئايروپىلان كۆرۈنىدىغان مۇستاپا، ياغاچتىن ئايرو-پىلان ياساپ باقتى. ئاتا ـ ئانىسىغا، بوۋا ـ موما-سىغا: «ئەمدى ئايروپىلان بولمايمەن، ئايروپىلان ئوينىمايمەن» دەپ بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قال-دى. مۇستاپانىڭ پۇتى ساقايدى، بەش بالا يەنە ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتى. قىزلار تالنىڭ چىۋىقلىرى-نى ئېلىپ چاچ قىلىپ سالدى، مۇستاپا ئاتىسى ئېلىپ بەرگەن ئويۇنچۇق ئايروپىلاننى يانچۇقىغا سېلىپ يۈردى. ئۇلار يۇمشاق قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە «شەھەر قۇرۇپ» ئويناۋاتقاندا ئاسماندا ئايروپىلان پەيدا بولدى. ئايروپىلان خېلى پەس

ئۇچقان بولۇپ، ئاۋازىمۇ قۇلاقنى يارغۇدەك ئىدى.
— ئايروپىلان، مېنىڭ ئايروپىلانىم، مەن كېچە شۇنى ھەيدەپ ئۇچقان، — مۇستاپا ئايروپىلان ئۇچقان تەرەپكە قاراپ يۇگۇردى، ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىدى، — مەن كېچە ئايروپىلان بولۇپ ئۇچقان، مېنى ئېلىۋېلىڭلار، مېنىڭ پۇتۇم سۇنغان...
مۇستاپا سەل ئاقساپ يۇگۇرەيتتى. ئايروپىلان يىراقلىماقتا، ئاۋازىمۇ بارا - بارا پەسلىمەكتە، ئۇ ساي تەرەپكە قاراپ يۇگۇرۇپ كېتىپ بارماقتا.



# خاسىيەتنىڭ ئائىلىسى

ساۋاقداشلىرىم مېنى «پىخسىق» دېيىشىدۇ. ئۇلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەن بىر پۇڭ پۇل، بىر ۋاراق قەغەزنىمۇ ئىسراپ قىلمايمەن. ئۇنداق دېسەم، سىز بىزنىڭ ئائىلىنى تازا كۆك نامرات ئائىلە ئوخشايدۇ، دەپ قالماڭ. ئاتا - ئانام ئوقۇتقۇچى، ئۇلار ئېيشىنىپ پۇل يىغالمىسىمۇ، بىز تۆت بالىنى گۇلدەك بېقىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق، خاسىيەتنىڭ ئەھۋالى مېنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ.

خاسىيەت مېنىڭ ساۋاقدىشىم ھەم يېقىن دوستۇم. سىنىپىمىزدىكى خېلى كۆپ قىزلار ئۇنى «دوستۇم» دېمەيدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بەكلا نامرات. ئۇنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆينىڭ سەل نېرىسىدا، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنى چوڭ بولسىمۇ، بىراق ئۆي ۋە ھويلىسى بەكلا ئاددىي، ھويلا تېمىنىڭ ئاستى مېنىڭ بويۇمچىلىك سوقما تام، ئۈستىگە ئىككى قۇر كېسەك تىكلەپ تىزىلغان، سۇۋاقسىز، مايماق تام. قاتتىقراق بوران چىقسا ئۇچۇپ كېتىدىغان پاختەك چاڭگىسىدەك پاكار لەم-

پىسى، ئىككى پارچە كىگىز پاتقۇدەك سۇپىسى ئۇ-
لارنىڭ يازدىكى جەننىتى. تاملىرىنىڭ يېرىقلىرى-
دىن توپا سىيرىلىپ تۇرىدىغان ئۇچ ئېغىز ئۆينىڭ
بىرى قازناق، بىرى ئاشخانا، يەنە بىرى ھەم ياتاق،
ھەم مېھمانخانا، بۇ ئۇلارنىڭ قىشتىكى ئىللىق ما-
كانى. ئۆي ئىچىدە لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھېچ
تايىنى يوق، دوستۇم خاسىيەت مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇ-
لۇپ ئۆسكەن.

خاسىيەتنىڭ دادىسى ئىسمايىل ئاكا يېشى ئەل-
لىكنىڭ قارىسىنى ئالغان، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق
كىرگەن، ئوتتۇرا بوي، ياپما قاپاق، غەمكىن يۇرى-
دىغان، ئەمما مۇئامىلىدە ئاجايىپ سىلىق - سىپايە
ئادەم. ئۇ دائىم مەدىكارلىق قىلىدۇ، بەزى كىشى-
لەر ئۇنى ئىشلىتىۋېلىپ، پۇلىنى بەرمەيدىكەن تې-
خى! بۇنداق چاغلاردا، ئۇمۇ لام - جىم دېمەي
يېنىپ كېلىدىكەن. شۇڭا، مەھەللىدىكىلەر:
«ئىسمايىل دېگەن چالا ساراڭ، بىرنەچچە ۋىنتىسى
كەم ئادەم، ئىشلىگىنىگە پۇل بەرمىسەڭمۇ، ئىس-
سىق بىر قاچا ئاش ئورنىغا بىر ساپلىق سوغۇق سۇ
بەرسەڭمۇ ‹رەھمەت› دەپ، چاپىنىنى قولتۇقلاپ
كېتىۋېرىدۇ...» دېيىشەتتى.

ئۇ يازدا كىملەردۇر بەرگەن يىرتىق خورۇم
ئاياغ، چۇخەيلەرنى كىيىپ يۈرىدۇ. ئۆگۈپ كەتكەن

ئىشتىنى، ياقىلىرى تىتىلىپ كەتكەن كۆڭلىكى، كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسى ئۇنى بىچارە كۆرسىتەتتى. قىشتا، ئۇ ھەربىيچە پاختىلىق چاپان، قۇلاقچا، تېرە ئىشتان، تەتۈر خۇرۇم ئاياغ كىيىپ يۈرەتتى. بۇلارنىمۇ باشقىلار ئۇنى ئىشلىتىپ، ئىش ھەققى ئورنىدا بەرگەن. بىزنىڭ مەھەللە شەھەر ئەتراپىدا بولغاچقا، ئىسمايىل ئاكىغا دائىم دېگۈدەك ئىش تېپىلىپ تۇراتتى. بىرەر كىم كېچىدە كۆمۈر ئەكېلىپ قالسا، كۆمۈرخانىسىنى كۆرسىتىپ قويسىلا، ئىسمايىل ئاكا كۆمۈرنى كېچىچە توشۇپ جايلاشتۇرۇپ بولاتتى. ئىگىسى ھەققىگە بىرنەچچە سېۋەت كۆمۈر بەرسە، ئۇ خۇشاللىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ قوياتتى. خاسىيەت دادىسىنىڭ ئىشچانلىقىدىن، پۇلغا ھەرقانچە موھتاج بولسىمۇ تىلەپ تاپمايدىغان، خەقنىڭكىنى ئىلىۋالمايدىغان ھالال كىشى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى.

مەھەللىمىزدە پەقەت بىزنىڭ ئائىلىدىكى تۆت بالا ئۇنى «ئىسمايىل ئاكا» دەپ ئاتايتتۇق، ئاتا ـ ئانامۇ ئۇنى سىزلەيدۇ، شۇڭلاشقىمىكىن، ئىسمايىل ئاكا بىزگە قەۋەتلا ئامراق. بىز كۆمۈر ئەكەلگەن چاغلاردا چاقىرتمىساقمۇ ئۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ياردەملىشەتتى. ئېسىمنى تاپسام كىچىك كېلىپ

قالغان كىيىملىرىمنى خاسىيەتكە بىرەتتۇق. ئۇنىڭ
بويى مېنىڭكىدىن خېلىلا پاكار ئىدى. مەكتەپ
قىشلىق كۆكتات ئەكەلگەن چاغلاردا، ئاتا - ئانام
سەۋزە ۋە ياڭيۇنى ئېھتىياجىمىزدىن جىقراق ئېلىپ
ئۇلارغا بېرەتتى. ھېيت - بايراملاردا ئاتا - ئانام
بىرەر پـۇت گـۆش، بىر - ئىككى بـولاق قەنت،
بەش - ئون كوي پۇل بىلەن بىر لېگەن ساڭزىنى
ئاكىلىرىمدىن ئۇلارنىڭكىگە كىرگۈزۈپ بېرەتتى.
ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە سۇ تۇرۇبىسىمۇ يوق، شۇڭا
سۇنى بىزنىڭكىدىن توشۇپ ئىچەتتى.
بىر قېتىم، ئۇ بىزگە كۆمۈر توشۇپ بەردى،
ئىش تۈگەپ ئىسمايىل ئاكىغا بىر ھارۋا كۆمۈر
بەردۇق. ئىسمايىل ئاكا دادامنىڭ چىرايىغا لاپپىدە
قارىۋېتىپ: «رەھمەت، ئەپەندىم» دېدىيۇ، كۆزلى-
رىنى يەردىن ئالالمىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئاۋا-
زى خىجىللىقتىنمۇ ياكى بىچارىلىكتىنمۇ، تولىمۇ
مىسكىن ۋە تىترەپ چىقتى. قات - قات كۆڭلەك
ئۈستىگە كىيىۋالغان، پېتى چۇشۇپ كەتكەن پوپاي-
كىنىڭ ئۈستىگە چاپىنىنى كىيىپ، ھارۋىنى ئىت-
تىرىپ ماڭغاندا، كۆزلىرىگە ياش كېلىپ كەتكەن
بولسا كېرەك، سەل نېرىغا بېرىپ يېڭى بىلەن
كۆزلىرىنى سۈرتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم.
ئۇ ھارۋىنى قايتۇرۇپ كەلگەندە، مەن بىر چۆ-

گۈنگە ئىسسىق سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردىم. ئۇنىڭ قاداق باسقان، قوناق نېنىدەك يېرىلىپ كەتكەن ئالىقانلىرىغا سوپۇن سۇرسىمۇ، سىزىقچىلاردىكى قارىلار چىقاي دېمەيتتى. ئىسمايىل ئاكا مەن ئۇزاتقان قاردەك ئاپئاق لۆڭگىنى ئالغىلى ئۇنىماي، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن لۆڭگىنى چىقىرىپ يۈز - كۆزىنى سۇرتتى. ئۇ ئاپام ئەتكەن سۇيۇقئاشنى بىر چىنە ئىچىپلا دادامنىڭ تۇتقىنىغا قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئاپام قازاندا قالغان ئاشنى كىچىك سېرىق كورىغا ئۇسۇپ، بىر ياغلىقنى ئىككى قۇلىقىغا چىگىپ، مەندىن ئۇلارنىڭكىگە كىرگۈزدى.

مەن ئۇلارنىڭكىگە كىرگىنىمدە، خاسىيەت قۇرۇق ناننى غاجاپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانىكەن، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۆلەكچە يېرىم بولۇپ كەتتى.

خاسىيەتنىڭ ئانىسى ھاۋاخان ئاپامۇ ئىسمايىل ئاكامدەك ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ئايال. كىچىكىدە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئوت ھادىسىسىدە ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى كۆيگەن، ھەربىر قولىنىڭ ئىككىدىنلا بارمىقى قالغانىدى. ئۇ تولىمۇ كۆرۈمسىز، مېيىپ ئايال بولسىمۇ، دائىم كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ چىرايى بىزگە غەلىتە، قورقۇنچلۇق كۆرۈنمەيتتى.

مەھەللىمىزدىكىلەر ئۇنى «ھاۋا» دەپ چاقىرى-
شىدۇ. بىر قېتىم، مەنمۇ ئاپامغا: «ھاۋا ماڭا
كەمپۈت بەردى» دېۋىدىم، ئاپام ئاغزىمغا بىر شاپى-
لاق سالدى. شۇ چاغدا مەن ئاپامنى «نېمىشقا ئۇ
بەرگەن نەرسىنى ئالدىڭ» دەپ ئاچچىقلاندى، دەپ
ئويلاپتىكەنمەن، يەنە تېخى ئاغزىمدىن كەمپۈتنى ئې-
لىپ باغچىغا ئېتىۋېتىپتىكەنمەن، ئاپام زەردە بى-
لەن: «يەنە بىر دەپ باقە!» دېگەندىلا، ئاندىن
ھەممىنى چۈشەندىم. ئەسلىدە، ئۇ ھاۋاخان ئاپام-
نىڭ ئىسمىنى كەمسىتكەندەك ئاتىغانلىقىم ئۈچۈن
خاپا بولغانىكەن.

مەن خاسىيەت بىلەن بىللە ئويۇننى ئويۇنداش قىلىدى-
غان بولغاچقا، ھاۋاخان ئاپامنىڭ ئىش قىلىشلىرى-
نى كۆزىتىپ باقاتتىم. ئۇ كىر يۇغاندا بولسۇن،
خېمىر يۇغۇرغاندا بولسۇن، ئۇنىڭ قوللىرى ئاجا-
يىپ ئەپلىك كېلەتتى. بىر قېتىم، خاسىيەت بىلەن
ئويناۋېتىپ چاپىنىمنىڭ چاپلىما يانچۇقى سۆكۈلۈپ
كەتتى. ھاۋاخان ئاپام يىپنى يىڭنىنىڭ كۆزىدىن
شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئۆتكۈزدىكى، كېيىن مەن
دوراپمۇ قاملاشتۇرالمىدىم. يانچۇقۇمنى تىككەن
چاغدا، ئۇنىڭ كىرپىكى يوق پۈلتىيىپ چىققان
سىنچى كۆزلىرى، چېۋەر قوللىرى ئەسلىدىكى يىڭ-
نە ئورنىنى شۇنداق تېزلىك بىلەن تېپىۋالدى.

بىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتىنچى يىللىقىغا چىققان يىلى، بىر قېتىملىق ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا ھاۋاخان ئاپام باردى، بەزى ساۋاقداشلىرىم تىلىنى چىقىرىپ زاڭلىق قىلىشتى، تېخى بىرمۇنچە ئاياللار يىرگەنگەندەك ئېغىزلىرىنى پۇرۇشتۇردى. ئاپام ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، خاسىيەتمۇ ئاپىسىنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، بېشىنى ئاپىسىـ غا قويۇپ خۇشال ئولتۇراتتى.

خاسىيەت ئىككىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكـ تەپكە چىقتۇق. ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنى مەن بېرىپ تۇراتتىم. ئۆيىمىزدە باللار ئوقۇشلۇقى خېلى كۆپ ئىدى، خاسىيەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك ئوقۇپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ ماقالىنى ياخشى يازىدىغىنىمغا ھەۋەس قىلاتتى.

ئىككى ئاي ئىلگىرى، ئىسمايىل ئاكامنىڭ پۇـ تى سۇنۇپ كېتىپ دوختۇرخانىغا بىرمۇنچە قەرز بولۇپ قالدى. خاسىيەتنىڭ بالا باققۇچىلىق قىلىدـ ۋاتقان ئاچىسى خالىدەنىڭ ئايدا ئالىدىغان يۈز يۈەن پۇلى نېمىگە دال بولاتتى.

بىر كۈنى، خاسىيەتنى ئىزدەپ كىرسەم ھاۋاـ خان ئاچام مۈز ئېرىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆڭلۈم يېـ رىم بولغان ھالدا يېنىپ چىقتىم ـ دە، دادامغا دېدىم:

— دادا، يازدا خاسىيەتلەرگە تۆرۆبا سۆيى چۆ-
شۆرۆپ بېرەيلىچۆ! قارا، خاسىيەت شۆنچە چوڭ
ئىككى چىلەكنى ئاران كۆتۆرۆپ ھالىدىن كېتىۋاتى-
دۆ، نېمىدېگەن تەس كۆن ئۆلارغا! ئۆنىڭ ئۆستى-
گە، سۆ ئېلىش ئۆچۆن كۆندە بىزنىڭكىگە كىرىش-
تىن خىجىل بولۆپ مۆز سۆيىنى...
— بولدى، قىزىم، مەنمۆ شۆنى ئويلاۋاتىمەن،
قېنى، ياز بولۆپ باقسۆن.
— رەپقەت ئاكاڭنىڭ ئوقۆشى پۆتمەي تۆرۆپ،
رۆستەم ئاكاڭ ئالىي مەكتەپكە ماڭمىدىغانلىقى تۆرى-
دۆ، قولىمىز قىسقا بولۆپ قالىدۆ، بولمىسا خا-
سىيەتنى ساڭا جۆپلەپ باقاتتىم، — دېدى ئاپام.
قىشلىق تەتىل تۆگەپ ئىككىنچى مەۋسۆم باش-
لاندى، خاسىيەت مەكتەپكە بارمىدى. چۆشتە ئۆيى-
گە كىرسەم، ئۆمۆ بالا باققۆچىلىق قىلماقچى بوپ-
تۆ. ئىسمايىل ئاكامنىڭ پۆتىنىڭ ئىشى بىلەن ئۆ-
نىڭ ئوقۆشى توختاپ قالسا قانداق بولىدۆ؟ ھېلىمۆ
ئاپام ئۆنىڭ ئوقۆش پۆلى، دەپتەر - قەلەملىرىنى
كۆتۆرۆپ كېلىۋاتىدىغۆ. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي،
چىقىپ كېتەي دەپ تۆرسام ئاپام كىرىپ كەل-
دى، سالام - سەھەتتىن كېيىن:
— خاسىيەتنىڭ ئوقۆش ئىشى ھەل بولدى،
پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىكى بەش ئىتتىپاق

ئەزاسى خاسىيەتكە ئايدا ئەللىك يۈەندىن خىراجەت بېرىدىغان بولدى! — دېدى.

هاۋاخان ئاپام بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلدى، ئىسمايىل ئاكامنىڭ مەڭزىدە ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى، خاسىيەت بوينۇمدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى...

خەپ، چوڭ بولسام ياخشى ئادەم بولۇپ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىكى ئاكا - هەدىلەردەك مېهىر - شەپقەتلىك بولىمسام!



# ئەپۇ سوراش خېتى

رابىيە مۇئەللىم بىلىم ئاشۇرۇشقا كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەن سىنىپ مەسئۇلى بولدۇم. مۇشۇ كۈنلەردە سىنىپ مەسئۇلى بولۇش تازا جاپالىق ئىش ئىكەن. ئىشنىڭ تولىلىقى، بالىلارنىڭ جىددىلى ئادەمنى ھاردۇرۇپلا قويىدىكەن، بەزى بالىلارنىڭ يامانلىقىنى بىر دېمەڭ، چىشىڭىزنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپلا قويسىڭىز، بويىنىڭىزغا مىنىۋېلىشقا ئارانلا تۇرغان.

سىنىپىمدا قىرىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسى يامان ئەمەس، بىراق بىر ئوچۇم گازىردىنمۇ پۇچىكى چىققاندەك، بۇ سىنىپتىمۇ دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئارىلاپ — ئارىلاپ كەلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئالتىسى بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قاتتىق — يۇمشاق گەپ قىلىپ يۇرۇپ خېلى ئوڭشىۋالدىم. بىراق تۇراخان ئىسىملىك قىز كوللېكتىپ ئەمگەك، تازىلىق بولسىلا قارىسىنى كۆرسەتمەيتتى، يەنە تېخى چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرە، پائالىيەت دەرسلىرىگە قاتناش-

مايمۇ قوياتتى. ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك رۇخ-
سەت سوراپمۇ قويماسلىقچۇ تېخى!

سىنىپ يىغىنىدا تەنقىدلىگەندىن كېيىن تۇرا-
خان ئىككىلىك رۇخسەت سوراش خېتى ئەۋەتىپ
بېرىدىغان بولدى. بىراق ئۇ بۇ قېتىم سايدۆڭ يېزد-
ىسىغا بېرىپ پاختا تېرىش ئەمگىكىگە رۇخسەتسىز
قاتناشمىدى، بىر كۈنمۇ ئەمەس، توپتوغرا تۆت
كۈن دەڭا!

بۈگۈن بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرسەم،
تۇراخان قىزارغىنىچە تۈگۈلۈپ بېشىنى كۆتۈرمەي
ئولتۇرۇپتۇ. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قال-
دى، ئارتۇق گەپ قىلماي دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپ
ئىشخانىغا قايتىپ چىقتىم. ھەرقانچە ئىچىم ئاغرىد-
غان بىلەن ئۇنى تەنقىدلىشىم كېرەك ئىدى. مەن
بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى سىنىپ يىغىنىدا نېمە-
لەرنى دېيىشنى ئويلىنىپ ئولتۇراتتىم، ئىشخانا
ئىشىكى چېكىلدى ۋە تارتىنىغان ھالدا تۇراخان كى-
رىپ كەلدى.

— مۇئەللىم، مەن... مەن ئەمگەككە بارال-
مىدىم... بۇ مېنىڭ ئەپۇ سوراش خېتىم، — دېدى
ۋە ئادەتتىكى دەپتەر ۋارىقىغا يېزىلغان خەتنى ماڭا
بېرىپ، يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

مەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«ھۆرمەتلىك مۇئەللىم! مەن تۆت كۈنلۈك ئەمگەككە قاتنىشالمىدىم، مېنى كەچۈرسىلە. راست گەپنى قىلسام، ئەسلىدە مەن ئۇن خالتىسىنى كېسىپ، پاختا تېرىدىغان خالات تىكىپ تەييارلىغانىدىم. بىراق دادام بارغىلى قويماي ئۆيگە ئەكىرىپ سولاپ قويدى، مېنى ئىزدەپ كەلگەن ساۋاقداشلىرىمغا ‹قىزىم چوڭكۆلدىكى چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى› دەپ يالغان ئېيتتى. ئۆيدە تۇرۇپ: ‹مەن بۇ يەردە!› دەپ توۋلاشقا جۇرئەت قىلالمىدىم.

مۇئەللىم، سىلى بىلمەيدىلا، دادام ئۆز دادام ئەمەس، ئاپام يوق، بۇرۇنلا تۇگەپ كەتكەن (ئۇمۇ ئۆز ئاپام ئەمەس ئىدى). ئۆينىڭ ئىشلىرى ماڭا قاراشلىق، تاماق ئەتمىسەم تېخى، كىر يۇمىسام تېخى، ئوقۇش كۈنلىرىدە ئۆينى يىغىشتۇرۇش، تاماق ئېتىش، ئۆگىنىش قىلىشقا ئاران ئۇلگۇرىمەن. كىر - قاتلارنى دەم ئېلىش كۈنلىرى يۇيىمەن... بەزىدە سىلىدىن، بەزىدە سىنىپ باشلىقىدىن رۇخسەت سوراپ ئۆيگە يېنىپ كېلىمەن. رۇخسەت سوراۋېرىشتىن خىجىل بولۇپ بىرنەچچە قېتىم سورىمايلا كېتىپ قالدىم.

مەن دادامنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس دېدىم،

چۈنكى مەن تۇگەپ كەتكەن ئاپامنىڭ سىڭلىسى-نىڭ قىزى. بوۋاق ۋاقتىمدىلا ئۇلارغا بالا قىلىپ بېرىلگەنىكەنمەن.

مۇئەللىم، بۇ گەپلەرنى قىلسام، دادىسى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالمىسىلا، دادام مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. تۇغقانلار ئۇنىڭ-غا قايتا ئۆيلىنىشۇېلىش توغرۇلۇق گەپ قىلسا، ئۇ: «مەنلا بولىدىكەنمەن، تۇراخانغا ئۆگەي ئاپا ئەكەلمەيمەن» دەيدۇ. لېكىن ئۆز ئاپامنىڭ مېنى ئەكېتىشىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ، شۇڭا دوستلى-رىمنىڭ ئۆيىگە بارساممۇ، «ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە بې-رىپسەن» دەپ مېنى ئۇرغىلى ئارانلا تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ مېنى ئاپامنىڭ ھەرقانداق تۇغقى-نى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغىلى قويمايدۇ.

بۇ قېتىم ئەمگەككە بارىدىغان يېزىمىز ساي-دۆڭ ئىكەن، ئۆز ئاتا - ئانام شۇ يېزىدا. ساي-دۆڭگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپلا، مېنى ئۆيگە سولاپ قويدى.

بۇ گەپلەرنى بۇرۇنلا سىلىگە دەي دېگەن، بىراق سىلىنىڭ: «دادىڭىز بىلەن كۆرۈشىمەن» دېيىشلىرىدىن قورقتۇم... بۇ قېتىمقى ئەمگەككە قاتنىشالماي كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى، شۇڭا بۇ خەتنى يېزىپ ئەپۇ سورىغاچ، ئەھۋالنى دېيىش قارارىغا كەلدىم...»

خەتنى ئوقۇۋاتقىنىمدا بۇرنۇم ئېچىشقاندەك بولدى. «توۋا، ما بىچارە بالىنى، — دېدىم كۆڭلۇمدە، — مەن ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىپتىمەن تېخى... كۆرۇنۇپ تۇرۇپتۇ، مېنىڭ ئىشلەيدىغان نۇرغۇن خىزمەتلىرىم بار ئىكەن. نەچچە چاغدىن بېرى ھە دېسىلا بالىلارنى ئەيىبلەپ يۇرۇپتىمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى، نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئىگىلەپ باقماپتىمەن. ئوقۇتقۇچى بۇلارنى بىلىشى كېرەكقۇ!»

مەن قانداقلا بولمىسۇن بۇگۇن كەچ تۇراخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دادىسى بىلەن ھال - مۇڭ قىلىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم.



# ئاپامنىڭ كونا پەلتوسى

ئون ئىككى ياش چاغلىرىم ئىدى، مەن دائىم قوشنىمىز سېتى تۆمۈرچىگە ياردەملىشىپ بېرەتتىم. ئۆيىمىز شەھەرنىڭ چېتىدىرەك بولۇپ، بەش مو يېرىمىز بار ئىدى. ئاپام شۇ يەرگە ئىشلەپ سىڭلىم ئىككىمىزنى ئوقۇتۇپ ئائىلىمىزنى كۆكلەتەتتى. ئۇ يەرگە ھەر يىلى كېۋەز تېرەتتۇق. مېنىڭ ئالدىغان نەرسىلىرىم كۆپەيگەنسېرى قېرىنشاقاندەك ھوسۇل ئالالمايۋاتاتتۇق. كۈنلەرنى بىر ئاماللار بىلەن ئاران - ئاران ئۆتكۈزەتتۇق. شۇ يىلى كېۋەزلەرگە ھال چۈشۈپ نەچچە ھارۋا تەپچە ئالدۇق، پاختا پۇلى سۇ پۇلىنى ئاران كۆتۈرۈپتۇ. مەن كىچىكىمدىن باشلاپلا دەم ئېلىش كۈنلىرىمدە ئاپامنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرەتتىم. ئېسىمنى بىلسەملا ئاپام ئەتىدىن - كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. تاپقىنىنى بىزگە خەجلەيتتى، ئاپامۇ ئۆي ئىشلىرىنى ماڭا مەسلىھەت سالاتتى. قىشلىق تەتىلدە سېتى تۆمۈرچىنىڭ تۆمۈرچىخانىسىدا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ چىق-

مايتتىم، سېتى تۆمۈرچىمۇ ماڭا ئانچە - مۇنچە
پۇل بېرەتتى. ئەتىياز كېلىشى بىلەن سېتى تۆمۈر-
چى دۇكىنىنى كېڭەيتتى، كەپشەرلەش، نەقىشلىك
رېشاتكا ياساش ئىشلىرىنى قىلىپ، ئوقىتى خېلى
ئاقتى. شەھەر سىرتى بولغاچقا ماشىنا، تراكتور-
لارنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشاش ئىشلىرى كې-
لىپ تۇراتتى، مەنمۇ ئۇستامغا قولمۇ قول ياردەم-
لىشەتتىم.

ئاپام ھاممام بەرگەن قارا پەلتونى كىيگىلى
بەش يىلدىن ئاشقانىدى. رەڭگى ئۆڭگەن، پەش،
يەڭلىرىنىڭ قىرىدىكى مويى چۇشۇپ ئاقىرىپ قال-
غان پەلتو ئاپامنى يېشىغا باققاندا چوڭ كۆرسىتەت-
تى. قولىمىزغا خېلى كۆپ پۇل كىرگەن چاغدىمۇ
ئاپام بىزنىڭ كىيىملىرىمىزنى يېڭىلاپ، ئۆزىگە
ھېچنېمە ئالمايتتى، لېكىن ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بىز-
نىڭمۇ كىيىملىرىمىزنى كىر قىلىپ قويمايتتى. بىر
قېتىم ئۇستامغا ياردەملىشىۋېتىپ يېڭى پاختىلىق
چاپىنىمغا ماي يۇقتۇرۇۋالدىم. چاپاننى ئۇچامغا
چىقارغىچە ئاپامنىڭ تارتقان جاپالىرىنى بىلەتتىم.
كەچتە مۇزاكىرەمنى قىلىپ بولۇپ ئۇخلاپ قاپتى-
مەن، ئاپام كېچىچە چاپاننى سۆكۈپ ئىچىنى تېشىغا
ئۆرۈپ تىكىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاپامغا
قەتئىي چىرايلىق پەلتو ئېلىپ بېرىش ئىستىكى

مەندە كۆچەيدى. ئۆزۈمچە يىغقان پۇلۇم ئۆينىڭ
ئۆششاق - چۈششەك چىقىملىرىغا دال بولۇپ ئاۋۇ-
مايتتى. سىيتى ئۇستام مىنىڭ چەبدەس، ئىشقا چى-
داملىق، ئىرادىلىك بالا بولغىنىمنى ئاپامغا
پات - پات ماختاپ بىرەتتى. ئاپام ئەزەلدىنلا مىنىڭ
تۆمۈرچىلىككە قىزىقىشىمنى ياقتۇرمايتتى، سىيتى
تۆمۈرچىگە ياردەملەشكىنىمگە نارازى ئىدى. مەن
چىراغ يورۇقىدا سىيتى ئۇستامغا ياردەملىشىپ كەچ-
كىچە كىرمىگەن چاغلىرىمدا چاقىرىپ:
— تۇرغۇن، مەن ساڭا قانچە قېتىم ئېيتتىم.
ئۆگىنىشىڭنى قىل، تۆمۈرچى، رېمونتچى بولۇپ
بىر ئۆمۈر جاپا تارتىشىڭغا مەن چىدىمايمەن، ياخشى
ئوقۇپ كادىر بول، — دەيتتى.
دىمىسمۇ بۇ كەسىپ ھەم تەس، ھەم جاپالىق
ئىدى. قانداق ئىشكىنتاڭ مەكتەپتىن كېلىپلا سوم-
كامنى رېمونتخانىنىڭ قوزۇقىغا ئىلىپ قويۇپلا سىي-
تى ئۇستامغا ياردەملىشەتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى يازلىق تەتىلدە راسا
ئىشلىدىم. ئاپام بۇ تەتىل «ۋاي» تۇرغۇن ئۆگى-
نىش قىل بالام دەپ ۋايساپمۇ كەتمىدى. مەن
ئۆششاق - چۈششەك ئىشلارنى مۇستەقىل قىلالايدى-
غان بولدۇم. بۇنداق چاغلاردا سىيتى ئۇستام رازى-
مەنلىك بىلەن كۈلۈپ قوياتتى. ئىشلار شۇنداق

يۇرۇشۇۋاتقان كۈنلەردە كۆز تەگكەندەكلا ئىش بول-
دى. سېتى ئۇستام سوقۇر ئۇچەي كېسىلى بىلەن
دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇس-
تام:
— دۇكاننى سەن ئېچىپ تۇر، ياساپ بولغان
نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە ۋاقتىدا بەر، كەكە، كەت-
مەن، ئوتىغۇچ، قاغىتۇمشۇقلارنى ساتقاچ تۇرار-
سەن، — دېدى.
ئۇستامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزۈم يالغۇز
دۇكاننى ئېچىپ تۇردۇم. شۇ كۈنلەردە ئۇستام بى-
لەن كېلىشىپ قويغان بىر ئىش كېلىپ قالدى،
كۆزۈمنى يۇمۇپلا ماشىنىدىن تۆمۈرلەرنى چۈشۈر-
دۇم. بۇ باج ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى-
نىڭ رېشاتكىسى ئىكەن، مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ
ئۇستامغا دېسەم، ئۇ سەل تۇرۇپ كېتىپ:
— ساڭا ئېغىر كېلىدۇ، ئەممازە سېنىڭ نە-
قىش كەپشەرلەشكە ئېپىڭ بار. مەن سەل ياخشى
بولسامىغۇ يېنىڭدا تۇرۇپ ئۇنى قىل، بۇنى قىل
دەيتتىم، — دېدى.
— خاتىرجەم بولسىلا، نەقىشنىڭ گۈلىنىمۇ
سىزىپ كەلدىم، كۆرۈپ باقسىلا.
— بوپتۇ، بوپتۇ، مال دوختۇرخانىنىڭ رېشات-
كىسىدەك ياساۋەر ئەمىسە.

سايمانلارنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆلچەم بويىچە كې-
سىپ رېشاتكىلارنى ياساشقا باشلىدىم. تۆمۈرلەر-
نىڭ كۆتۈرەلمىگەنلىرىمنى دۇكاننىڭ يېنىدىكى قا-
رىياغاچ ئاستىدىكى بىكارچىلارنى چاقىرىپ كۆتۈر-
گۈزۈپ يەتتە كۈندە ياساپ تۈگەتتىم. ئورما مەزگى-
لى بولغاچقا تراكتورنىڭ كەپشەرلەيدىغان جايلىرى
چىقىپ تۇراتتى، ئارىلىقتا پىچاق، قىڭراقلارنى
چاقلاپ يۈردۈم. بىر ئايدا توققۇز يۈز بەش يۈەنگە
ئىشلەپتىمەن. ئۇستامنى كۈندە دېگۈدەك يوقلاپ
تۇردۇم. دۇكاننىڭ ھەممە ئىشىنى ئۇستۇمگە ئې-
لىپ ئىشلىگەچكە ئورۇقداپ قالغان بولساممۇ كۆڭ-
لۈم خۇش ئىدى. پۇلنى ئۇستامغا تۇتقۇزدۇم،
دوختۇردىن چىقىشقا ئوبدانلا دال بولدى. ئۇستام
كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

—تۇرغۇن، سەن ئەمدى تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭ
ئالىسەن، سەن مېنىڭ ئەڭ ياراملىق شاگىر-
تىم، — دېدى.

مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش خىيا-
لىم بولسىمۇ، ئوقۇيالمايمەن، نەتىجەم تۆۋەن، ئو-
قۇساممۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەيمەن. دادىسىز،
ئېغىر تۇرمۇشتا ياخشى ئوقۇيمەن دەپمۇ ياخشى ئو-
قۇيالمىدىم. ئاپاممۇ نەتىجەمنى كۆرۈپ سېتى ئۇس-
تامغا شاگىرت بولۇشۇمغا قوشۇلدى. مەن ئۆينىڭ

كۆندىلىك خىراجىتىنى ئۆستۈمگە ئالدىم. بۇ مې-
نىڭ ئون بەش ياش چېغىم. ئاپام ئىككى يىلدىن
بېرى تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ سەھەر تۇرۇپ يام-
دىقىنى كۆتۈرۈپ نەچچە كوچا ئاتلاپ ئۆزىگە تېگىش-
لىك تازىلىق رايونىنى سۈپۈرەتتى. «ئوقۇشنىغۇ
ئوبدان ئوقۇيالمىدىم، ياخشى ئىشلەپ ئاپامنى بۇ
ئېغىر ئىشتىن توختىتىۋېلىپ ئوبدان باقاي» دەپ
ئويلايتتىم. ئون بىرىنچى ئاي كىرىشىگە ھاۋا سو-
ۋۇدى. سىڭلىم ئىككىمىز ئاپامنىڭ مەجبۇرلىشى
بىلەن قىشلىق كىيىملىرىمىزنى ئىگىشىپ يۇرۇپ
كىيدۇق، ئاپام يەنە ھېلىقى كونا پەلتوسىنى كىي-
دى. پېتىدىن چۇشۇپ كەتكەن پەلتو چېكە چاچلى-
رىغا ئاق سانجىغان ئاپامنى تېخىمۇ قېرىپ كەتكەن-
دەك كۆرسىتىپ قويغانىدى. يىغقان پۇللىرىمنى
ساناپ كۆڭلۈم يورۇپ كەتتى. ئاپام بىلەن سىڭلىم-
نى ئېلىپ ئەڭ ئاۋات سودا سارىيىغا كىرىپ ئۇند-
ىغىنىغا قويماي ئاپامغا قارا كۆك پەلتو، سىڭلىمغا
قىپقىزىل ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەردىم. ئاپام كۆز
يېشى قىلىپ تۇرۇپ بىرمۇنچە دۇئا قىلىپ پېشانەم-
گە سۆيۈپ قويدى. سىڭلىم:

— رەھمەت، ئاكا، ئەمدى خەقنىڭ ۋېلىسىپى-
تىنى سوراپ مىنمەيدىغان بولدۇم، — دەپ ۋې-
لىسىپىتنى سىلاپ كەتتى.

— سىڭلىم، ياخشى ئوقۇ، مەنغۇ ياخشى ئوقۇ-يالمىدىم، سەن بولساڭمۇ ياخشى ئوقۇغىن، — دېدىم.

مەن ئۆزۈمنى خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندەك، بويۇم بىردىنلا بىر غېرىچ ئۆسۈپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. باشقا رېمونتخانىلارغا بېرىپ سىرچىلىقنى-مۇ ئۆگەندىم. ئۇستام كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنى-ۋاتقان ئوقىتىمىزدىن بەكلا خۇرسەن ئىدى. ئۇستام ئاپامغا پات - پاتلا:

— موللامنىڭ قوشنىسى قارى بولۇپ قالدۇ، دەپ راست ئېيتقانىكەن. قاراڭ ئۇمۇ بىر تۆمۈر-چى، رېمونتچى بولۇپ قالدى، ھالال كۈچى بىلەن جېنىنى جان ئەتسىلا بولمىدىمۇ، — دەيتتى.

ئاپام ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. ئاپامنىڭ شۇ كۈلۈشىنى ئويلىساملا روھلىنىپ تىرىشىپ كې-تىمەن، ئاپامنىڭ شۇ كۈلۈشى ماڭا تۈگىمەس كۈچ بېغىشلايتتى. ئاپام بەزىدە:

«تۇرغۇن بالام، سېنى بەك كىچىك ئېغىر ئىشقا سېلىپ قويدۇم، كېيىن بولسىمۇ بىر ئوقۇت-مىسام» دەيتتى.

ئاپامنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىسىمۇ، لېكىن ئاپامنىڭ ھامىمام بەرگەن كونا پەلتوسى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا چىشىمنى چىشلەپ ئىشلەپ كېتى-مەن.

# مۈشۈك

— چوڭ ئاپا، چوڭ ئاپا، تاغىل مۈشۈك تۆتنى تۇغۇپتۇ، — مەن ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ كىرىپ چوڭ ئاپامنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدىم. چوڭ ئاپام:

— تۇغۇپتۇ دېمە، قوزام، ئاسلانلاپتۇ دېگىن، بولمىسا مۈشۈك ئاسلانلىرىنى يەۋالىدۇ، — دەپ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئىككىمىز ھوجرىغا كىرىپ، بىرنەچچە ياستۇقنى تىزىپ «ساراي» قىلىپ بەرگەن ئويۇققا قارىدۇق. ئانا مۈشۈك ئوڭدىسىغا يېتىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە ئاسلانلىرىنى ئېمىتىۋاتاتتى، مەن خۇشاللىقىمدا بىر ئاسلانغا قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا، چوڭ ئاپام:

— تۇتما، مۈشۈك قولۇڭنى تاتلىۋالىدۇ، — دېدى. مەن ئۇلارنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئالتۇن، ئالماس، كۆمۈر، كۈمۈش دەپ ئات قويۇۋالدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن تامىقىمنى يەپ بولۇپلا ئاسلانلىرىم بىلەن ئوينايتتىم، دوستلىرىمۇ ماڭا قوشۇلۇپ ئوينايتتى. بىرىمىز بىردىن ئاسلاننى كۆتۈرۈپ، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى نەم قۇملۇققا ئاچىقات-

توق، ئاسلانلار بىز قومدىن ياسىغان ئوردىدا ئوياق-تىن - بوياققا چېپىپ ئوينايتتى. دوستلىرىمنىڭ ئولارغا مەستلىكى كېلىپ، ئولاردىن بىرەرىنى بې-رىشنى ئۆتۈنسە، مەن دەرھال: «چوڭ بولسۇن، ئولار ھازىر ئاپىسىنى ئېمىۋاتىدۇ» دەيتتىم.

شۇ يىلى كۈزدە مەن مەكتەپكە كىردىم. دەرس-تىن چۈشۈپلا ئۆيگە يۈگۈرىمەن. ئاسلانلىرىم بىلەن بىر پەس ئويناپ، تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەيمەن، ئاندىن ئولارغا مۇئەللىمنى دوراپ «ئېلىپبە»، «ھېساب» دەرسلىرىنى ئۆتىمەن، يەنە چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئاپام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىمەن.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم ئالماس بىلەن كۆمۈر يوق، چوڭ ئاپامدىن سورىسام «كۆر-مىدىم» دېدى. چوڭ دادامدىن سورىسام، چوڭ دا-دام:

— داداڭ ئـۆمەر ئـاكاڭلارغا بېرىۋېتىپتـۇ، ئولارنىڭ ئۆيىدە چـاشقان كـۆپ ئىكـەن، پـەقەت ئارام بەرمەپتۇدەك، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خې-لى كۈنلەرگىچە باتناپ يۈردۈم. بىر كۈنى ئەتىگەن ئويغانسام ئىككى ئاسلىنىم يوتقىنىمنىڭ ئاياغ تەرد-پىدە ئوخلاۋېتىپتۇ، ئولار ئۆزلىرى قايتىپ كەلگە-نىكەن. ئولارنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەت-

تىم، بەشىمىز يەنە جەم بولدۇق. ھويلا يەنە بىز-نىڭ بولدى، سەكرەپ، مۆكۈپ، ئۆمىلەپ ئوينايـ-مىز. ئەگەر بىرەرى ئاسلانلىرىمنى سورىسا، چوڭ دادام ماڭا قاراپ قويۇپ:

— نەۋرىمىز مۈشۈكلەرگە بەك ئامراق، ئۆت-كەندە ئاسلاندىن ئىككىنى ئۆمەرئاخۇنغا بەرسەك، نەچچە كۈن كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. كېلەر يىلى ئاسلانلىغاندا بىرنى ئەكەتمەمسەن، — دەپلا يولغا سا-لاتتى. چوڭ دادامنىڭ ئاسلانلىرىمنى مەندىن ئايرى-مىغىنىغا خۇش بولۇپ، ساقىلىنى سىلاپ مەڭزىگە نەچچىنى سۆيۈپ ئەركىلەپ كېتەتتىم.

كۈنلەر تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئاسلانلىرىم بىر ياشقا كىردى، باشقىلار ئۇلارنى مۈشۈك دەپ ئاتاش-تى، لېكىن مەن يەنىلا ئۇلارنى ئاسلان دەيتتىم. شۇ كۈنلەردە ئانا مۈشۈك يەنە بەشنى تۇغدى، ياق ئاسلانلىدى. مەن ئۇلارغا مۇئەللىم بولىدىغان بول-دۇم دەپ خۇشال بولدۇم. چۈنكى، چوڭ ئاسلانلار كەپسىزلىشىپ، دەرسىمنى ئاڭلىماس بولۇۋالغان-دى.

بىر كۈنى ئادىتىم بويىچە ئاسلانلىرىم بىلەن ئويناپ بولۇپ چوڭلىرىنى ئىزدىدىم. ئالتۇندىن باشقا ئۈچى يوق، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دېدى، چوڭ ئاپام بىلەن ئۇلارنى ئىزدەپ ئۆيىمىز-

نىڭ كەينىدىكى ئىرىققا چىققتۇق. ئاھ، قانداق قىد-
لاي، ئۇچلا ئاسلىنىم بىز ئوردا ياساپ ئويناىدىغان
ھىلىقى قۇم ئۇستىدە يېتىپتۇ، كۆمۈر توختىماي
مىياڭلاپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى. ئۇنى قو-
لۇمغا ئېلىشىمغا جان ئۇزدى. كۆز ياشلىرىم ئۇنىڭ
چىرايلىق باشلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى، چوڭ ئاپامۇ
يېنىمدا يىغلىغىلى تۇردى. بۇ ئاسلانلىرىم خاماد-
نىڭ ئەتراپىغا چاچقان چاشقان دورىسى يەۋېلىپ
زەھەرلىنىپ ئۆلگەنىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئانا
مۈشۈك بىلەن ئالتۇننىڭ ئۆلۈكىنى تاپتۇق، ئۇلار-
نىڭ يېنىدا ئۇلار تۇتقان تۆت چاشقان تۇراتتى.
شۇنداق قىلىپ مەھەللىمىزدە پەقەت بىزنىڭ
بەش مۈشۈكىمىزلا قالدى. بىز ئۇلارنى چاشقان
دورىسى يەۋالمىسۇن ھەم ئوغرى ئېلىۋالمىسۇن دەپ
سىرتقا چىقارمىدۇق. مەھەللىمىزنى چاشقان بې-
سىپ كەتتى، كۈسۈتكىلەرنى دېمەيسىز تېخى. ھەر
يوغان قارا كۈسۈتكىلەر كېچىلىرىلا ئەمەس، كۈن-
دۈزىمۇ كۆز ئالدىمىزدا ئۇيناىدىن ـ بۇيانغا يۈگۈرۈپ
يۈرىدىغان بولدى. چاشقان دورىسى ساتىدىغانلار-
نىڭ ئامىتى كېلىپ، مەھەللىمىزدىن ئايىغى ئۈ-
زۈلمىدى. مەن ئۇلارنى كۆرسەم ھىلىقى مۈشۈكلىد-
رىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ، چاشقان دورىلىرىغا ئوت
قويىۋەتكۈم كېلىپ كېتەتتى.

ئاخىر قالغان بەش ئاسلىنىمىمۇ چاشقان دورد-
سىدا ئۆلگەن چاشقاننى يەپ ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇك-
لىرىمدىن ئايرىلىپ، دەرسلەردىنمۇ چىكىنىپ كەت-
تىم. دادام نەلەردىندۇر بىر مۇشۇك ئەكېلىپ بەر-
دى، ئۇمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. ھەر كۈنى
مەكتەپتىن يېنىپ كېلىپ مۇشۇكلىرىمنى ئەسلەپ
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىمەن. شۇ كۈن-
لەردە چوڭ ئاپامنىڭ قولىنى چاشقان دورىسى بىلەن
زەھەرلەنگەن كۈسۈتكە چىشلىۋالدى، زەھەر مۇرد-
دىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، دوختۇرلارمۇ ئامال قىلال-
مىدى. چوڭ ئاپام تۈگەپ كەتكەن كۈنى ئۆزۈمنى
بىردەم ئاپامنىڭ، بىردەم دادامنىڭ، بىردەم چوڭ
دادامنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ:
— چوڭ ئاپام، ۋاي چوڭ ئاپام، ۋاي مۇشۇ-
كۇم، ۋاي ئاسلىنىم...، — دەپ يىغلىدىم.
ھەر قېتىم چوڭ ئاپامنى ئەسلىگىنىمدە، مۇ-
شۈك، ئاسلانلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئۇھ تار-
تىپ قويىمەن.

# قىزىلگۈل

توختاجى كارىزىدا ئۈزۈم ئۈزۈش ئاخىرلاشتى. چۈنچىلەردىن چىققان ئۈزۈمنىڭ خۇشبۇي ھىدى دى-ماغلارنى ياراتتى. يول ياقىسىدىكى ئېگىزلىككە سېلىنغان چۈنچىلەر شەھەرنىڭ قەۋەت - قەۋەت بىنالىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىنى ئەس-لىتەتتى. بۇ كارىزدىكى بالىلار مەكتەپكە بار-غۇچە - كەلگۈچە چۈنچە تۆشۈكلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىل ياقۇتتەك ئۈزۈملەرگە ئۈمىد بىلەن قارىشىپ كېتەتتى.

توختاجى كارىزىدىكى يۇلتۇز بىلەن رەيھانگۈل بۇ يىل بىرىنچى يىللىققا كىردى. يۇلتۇز بۇلتۇر ئاچىسىغا ئەگىشىپ نەچچە قېتىم مەكتەپكىمۇ بار-غان ھەمدە ئاچىسىدىن ئېلىپبەنى ئۆگىنىپ، بىر-مۇنچە قوشاقلارنى يادلىۋالغانىدى. رەيھانگۈلمۇ ئا-پىسىدىن ناخشا - قوشاقلارنى ئوقۇشنى، سانلارنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. يۇلتۇزنىڭ ئاتا - ئانى-سى دېھقان، رەيھانگۈلنىڭ ئاتىسى كەنت كادىرى، ئاپىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئىك-

كى قىز كىچىكىدىن بىللە ئويناپ قوشماقتەك چوڭ بولدى.

ئۇلار مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە كېلىدۇ، بىللە ئۆگىنىش قىلىدۇ. سىنىپ مەسئۇلى بۇ ئىككى قىزنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ئالاھىدە ياخشىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىككىسىنى ئۆگىنىش باشلىقى قىلىپ قويدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ بوينىغا مىس ئاچقۇچ ئېسىلدى. ئۇلار ئاچقۇچنى پادىشاھنىڭ خەزىنىچىسىدەك چىڭ ساقلاشتى. كەچ كۈز كىردى، دەرسخانىلارغا مەشلەر قويۇلدى، مەشكە ئوت يېقىش سىنىپ دىجورنىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بىر كۈنى رەيھانگۈلنىڭ ئاپىسى رەيھانگۈل ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپكە خىزمەت بىلەن بارماقچى بولۇپ ئۇنى ۋېلىسىپىتىگە مىندۈرۈۋالدى. رەيھانگۈل ساۋاقداشلىرى كەلگۈچە مەشكە ئوت يېقىپ، دەرسخانىنى باھار كۈنلىرىدەك ئىسسىتىۋەتتى. توڭلاپ يۈزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرى مەشنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. سىنىپ مەسئۇلى رەيھانگۈلنى ماختاپ تامدىكى «قىزىلگۈل مۇنبىرى»گە بىر گۈل چاپلاپ قويدى، رەيھانگۈلنىڭ قىزىلگۈلى يۇلتۇزنىڭكىدىن بىرى ئارتۇق بولدى. يۇلتۇز ئەتىسى چېيىنىمۇ ئىچمەي مەكتەپكە

ماڭدى، ئۇمۇ بىر تال قىزىلگۈل ئالدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قىز مەكتەپكە باشقا باللاردىن بىر سائەت بۇرۇن ماڭىدىغان، ماڭسىمۇ بىر - بىرىنى چاقىرماي ئىپپىدە كېتىدىغان بولدى. قىزلىرىنىڭ مەكتەپكە ئالدىرىغىنىدىن ئاتا - ئانىلىرى خۇشال بولسا، ناشتا قىلماي مېڭىشىدىن نارازى بولاتتى.
مانا يۇلتۇزنىڭ قىزىلگۈلى رەيھانگۈلنىڭكىدىن ئۇ-چى ئېشىپ كەتتى. رەيھانگۈل سائەتنى بەش يېرىمغا تەڭشەپ قويۇپ كىيىملىرى بىلەنلا ياتتى. ئۇ ئەتى-سى سەھەر تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ناش-تا قىلىپلا مەكتەپكە ماڭدى. بىر چاقىرىم يىراقلىق-تا يۇلتۇز كېتىۋاتاتتى، رەيھانگۈل يۇلتۇزنى كۆ-رۈپ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ يىغلىۋەتتى - دە، كەينىگە يېنىپ ئۆيىگە قايتتى. ئەمدى ئىشقا ماڭاي دەپ هويلىدىن ۋېلىسىپىتىنى ئاچىقىۋاتقان ئاپىسى ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ:
— ۋاي، قىزىم نېمە بولدى ساڭا؟ — دېدى.
— يۇلتۇز كېتىپ بوپتۇ، هۆ... هۆ... ئۇ يەنە قىزىلگۈل ئالىدىغان بولدى، هۆ... — دېدى رەيهان-گۈل يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن يۇلتۇزدىن كېيىن قاپ-تىمەن، مەكتەپكە بارمايمەن.
رەيھانگۈلنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ قىزىلگۈل ئېلىش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلدى - دە:

— قىزىم، يىغلىماڭ، مەن ۋېلىسىپىت بىلەن يولتوزغا يېتىشتۇرۇپ قوياي، — دېدى.

رەيھانگۇلنىڭ ئاپىسى ئۇنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ يولتوزغا بىردەمدىلا يېتىشۋال-دى. يول بويى رەيھانگۇلنىڭ ئاپىسى بۇ ئىككى دوستقا ئىناق ئۆتۈپ، قىزىلگۇلنى تەڭ ئېلىش ھەققىدە تەربىيە قىلدى. ئەتىسى سەھەردە يولتوز رەيھانگۇلنى چاقىرغىلى كىردى. ئۇلار چۈنچىلەر ئارىسىدا قول تۇتۇشۇپ مەكتەپكە كېتىپ باراتتى.



# يۈرەكتىكى ئوت

دىلشاد توققۇزىنچى ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسا بويى بىر غېرىچ ئۆسۈپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. دەرسلەردە يېتىشەلمىسەم قانداق قىلارمەن، دېگەن ئەندىشىمۇ بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى باشقا بالىلاردەك يېڭى كىيىنىپ، ھەپتىدە بولسىمۇ نەچچە موچەن خەجلىيەلمەسلىكىدىن قورقاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېزا مەركىزىدە— قايناق بازارنىڭ يېنىدا بولغىنىچۇ تېخى. شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قوشنىسى ئەخمەت ئاكا بىلەن كونا كارىزنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگالدا يانتاق چاپقىلى ئون كۈن بولدى.

سەككىزىنچى ئاينىڭ ئىسسىقى ئۇنىڭ ئاسما مايكا كىيگەن بەدىنىنى كۆيدۈرۈپ، مايكىسىنى سېلىۋەتسىمۇ ئاسما مايكا كىيگەندەك كۆرۈنەتتى. ئاپتاپ يىڭنىدەك سانجىيتتى. ئۇ سول پۇتىغا ئاپىسى تىكىپ بەرگەن كونا كىگىزگە سۇلياۋ خالتىنى ئوراپ قونچلۇق چۇخىيىنىڭ ئۈستىگە كىيىپ يانتاق

چىپىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سول پۇتىغا تۇرمەكلە-
ۋالغان يانتاقلارنى ئېلىپ مېڭىشى بىر قارىغان كد-
شىگە غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چاپقان يانتىقى
ئەخمەت ئاكىنىڭكىدەك تېز بولمىسىمۇ، توختىماي
چىپىپ پىلانغا يەتكۈزەتتى، بىراق ئۇنىڭ يىغقان
يانتاقلىرى پاختەك چاڭگىسىدەك بوش بولۇپ قالات-
تى. ئەخمەت ئاكا ئۆزىنىڭ يانتىقىنى ساپلاپ بولۇپ
دىلشادنىڭ يىغىپ قويغان يانتىقىنى يوغان كەتمىنى
بىلەن چىڭ ھەم چوڭ ساپلاپ بېرەتتى. ئۇ ئۈچ ساپ
بولىدۇ دېگەن يانتاقلار ئاران بىر ساپ بولغاندا
كۆڭلى مەيۈسلىنىپ كېتەتتى.

يانتىقى چىپىلىپ بولغان تاقىر يەردە، ئۇلار-
نىڭ ساپلىرى ئون نەچچە قەدەمدە بىر تونۇردەك
يوغان كۆرۈنەتتى. دىلشاد يانتاق چىپىش سەل
خۇشياقماي قالغاندا مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن پۇل
كېرەكلىكىنى ئويلايتتى ـ دە، يوغان سۇداندىكى
ئىلمان بولۇپ قالغان سۇنى نەچچە يۇتۇم ئىچىۋېلىپ
ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. كۈن قىيام بولغاندا ئەخ-
مەت ئاكا يىراقتىن قولىنى كاناپچە قىلىپ «كېتەي-
لىمۇ» دەپ توۋلىسا ئۇنىمايتتى. بىر ساپ يانتاق
ئاز دېگەندە بەش موچەن، ئۇ شۇنى ئويلاپ يانتاقنى
قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ يەنىمۇ كۆ-
چەيتتى.

دىلشاد بوران چىقمىغان كۆنلەردە يانتاق چىپ-
پىپ بىر يۈز يەتمىش ساپ يىغدى، ئۇنىڭ يەنە
ئوتتۇز ساپ چىپىشالغۇسى بار ئىدى. كارىزدا ئۆ-
زۈم ئۈزۈش باشلىنىپ قالدى. ھەر يىلى بۇ كارىز-
دىكى كىشىلەر ئۈزۈملەرنى باشقا كارىزلارغا قارىغان-
دا ئون كۈن بۇرۇن ئۈزەتتى. يەرلەر قۇملۇق بول-
غاچقا بەك كىچىكسە ئۈزۈم تۆكۈلۈپ كېتەتتى.
دىلشاد ھارۋىلىق ئۈزۈم توشۇدى. بىر - بىرىدىن
چىرايلىق، تەملىك ئۈزۈملەر چاققىلارغا ئېسىلىپ
ئۈزۈم مۇنارى ھاسىل قىلاتتى. بۇ بىر قارىماققا
سانجاق - سانجاق چىراغ ئېسىلغان دەرەخكە ئوخشى-
شىپ قالاتتى. دىلشاد يولدا ھەربىر سېۋەتتىكى
كۆزىگە كاتتا كۆرۈنگەن ئۈزۈملەرنى بىر - ئىككى
دانىدىن، بەزىلىرىنى بىر - ئىككى چۇلۇك، بەزى-
لىرىنى ساپىقى بىلەن يەيتتى. يېشىل دېڭىزدەك
تەكلىكتە چوڭلار تەرلەپ - پىشىپ ئۈزۈم ئۈز-
سە، ئۈششاق باللار دەرەخ سايىسىدە توپ - توپ
بولۇپ ئوينىشاتتى. دىلشاد ئىككى يىلدىن بۇيان
ئۈزۈم ئۈزگەندە تەكلىكتىن يولغا ئاچىقىش، ھارۋا
بىلەن چۇنچىگە ئاپىرىش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئاتىسى بۇ يىلمۇ ئۈزۈملەر
ئۈزۈلۈپ بولمايلا يەنە كونا ئادىتىنى تېپىۋالدى. بۇ
يىل ئۈزۈم بۇلتۇرقىدىن ئون چاققا كەم چىقتى.

ئۆزۆملەر قۇرۇشقا باشلىدى. دىلشادنىڭ مەك-تەپكە ماڭىدىغىنىغىمۇ نەچچە كۈنلا قالدى. بىچارە ئانا يازىچە تەكتىن چىقماي ئىشلەپ، باشقا ئاياللار-دەك پاررىدە بىر قۇر كىيىم كىيمەي، قارا ئۆزۆم ساتقان پۇلغا ئىككى بالىسىغا بىر قۇردىن كىيىم قىلىپ بەردى. ئۇندىن دەپتەر ئېلىپ بېرىپ كىتاب پۇلىنى ئۆزۆم ساتقاندا بېرەرمەن، دەپ يۈردى. دىلشاد يېڭى كىيىمىنى كىيىپ، بۇلتۇرقى سومكى-سىنى ئېسىپ تولىمۇ خۇشال هالدا مەكتەپكە بار-دى.

ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئون كۈندىن كېيىن يوقى-دى، مۇئەللىمى ئوقۇش پۇلى بىلەن كىتاب پۇلىنى سۈيلەۋاتاتتى. جاڭگالدا يانتاقلار قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتتى، دۆۋىلەپ قويغىلىمۇ نېكەم. «ئەخ-مەت ئاكام سېتىپ بەرسە» دېگەننى ئويلاپ هېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلدى، ئاپىسىنىڭ ئازراق نان يەۋال دېگىنىگىمۇ قارىماي يانتاقلىقا قاراپ يۈگۈردى. ئەخمەت ئاكىنىڭ يانتاقلىرى شۇ پېتى تۇراتتى، ئۇنىڭ يانتاقلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يوق ئىدى. ئۇ كىچىك تراكتورنىڭ ئىزىنى كۆ-رۈپ: «ئوغرىلاپتۇ، ئوغرىلاپتۇ» دەپ يۈگۈرگىنىد-چە ئۇدۇل ئەخمەت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇنى ئۇققان ئەخمەت ئاكا شۇ كۈندىن باشلاپ يانتىقىنى

توشۇپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئوچۇقچىلىققا تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى.
دىلشادنىڭ دادىسى بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆيگە كەلمەيۋاتاتتى. دىلشاد ئەخمەت ئاكىنى ئاۋارە قىلىشقا خىجىل بولدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن دادىسى چالا مەست ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق، ھارغىنلىق يېغىپ تۇرغان كۆزىدىن دىلشاد ئەيمىنىپراق:
— دادا، يانتاقنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، — دەپ يىغلىۋەتتى.
— ئوغرى ئالغىنى يوق، مەن ساتتىم، بىر سېپىنى ئالتە موچەندىن دېگىنە.
— ئەخمەت ئاكام بىر كويغىمۇ بەرمەيۋاتىدۇ، تاغدىن قوي كەلسە باھا ئۆسىدۇ دەيدۇ.
دىلشاد يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ياز ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار جىمىرلاپ چاقنايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاچچىقتىن سىقىلاتتى، ئۇ يىغلىۋەتتى. شۇ چاغدا دىلشاد دادىسىنىڭ: «يانتىقىڭغا قانداق بەلگە قويدۇڭ، ئەكېلىپ قوياي» دەپ سورىغاندا، ئەخمەت ئاكىنىڭ يانتىقىدىن پەرقلەنسۇن دەپ ھەر دۆۋە يانتاققا تەپچە سانجىپ قويغانلىقىنى ئېيتقىنىغا پۇشايمان قىلدى. دادا دېگەن پۇل تاپىدۇ، خەجلەيدۇ، ئەمما بالىسى تاپقان پۇلغا ھاراق ئىچىپ،

قىمار ئوينىسا شەرمەندىلىك بولمامدۇ. ئۇ پۇل سو-رىسام بېرەر دەپ ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ ئۆيگە كىردى. مەست دادا كاڭدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋا-تاتتى. دىلشاد شۇ كېچىسى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلى-يالمىدى. سىڭلىسىنىڭ كىتاب پۇلىنى ئوقۇتقۇچى-سىنىڭ تۆلىۋەتكەنلىكىگە خۇشال بولدى، چۈنكى بىچارە سىڭلىسى: «كىتاب پۇلى بەرمىسەڭلار مەك-تەپكە بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. «ئەتە دادام پۇل بەرسە سىڭلىمغىمۇ بېرەرمەن، ئۆزۈڭ تاپقان پۇل ئۆزۈڭنىڭكى دېگەنغۇ، بۇ قېتىم بولسىمۇ گې-پىدە تۇرار» دەپ ئويلىدى دىلشاد.

تاڭ ئاتتى، دىلشاد ئېشەككە بىر باغلام قوناق شېخى تاشلاپ بېرىپ هويلىغا مېڭىشىغا ئىككى ئادەم كېلىپ:

— ئابلىز، هوي، ئابلىز، بىز كەلدۇق، يۇر چۈنچەڭگە، — دېدى.

ئۆيدىن ئاپىسىنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. ئەسلىي دادىسى قوشنا كارىزغا بېرىپ قىمار ئويناپ يانتاق پۇلىنى ۋە يىگىرمە كىلوگرام قورۇق ئۈزۈمنى ئۇت-تۇرۇۋەتكەنىدى. دىلشاد ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى ـ دە، ئويۇقتىكى سەرەڭگىنى سومكى-سىغا سېلىپ ئۇدۇل يانتاقلىققا ماڭدى، ئەتراپ شۇنچە جىمجىت. ئۇ بىر دۆۋە يانتاققا ئوت ياقتى،

قويۇق ئىس ئاسمانغا كژتۈرۈلگەندە گويا قارا ئەجدى-
ها ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندەك كۆرۈنەتتى. ھەش -
پەش دېگۈچە يانتاقلار ئوت دېڭىزغا ئايلاندى، شۇ
تاپتا دىلشادنىڭ يۈرىكىدىمۇ بىر ئوت يالقۇنجايتتى.
ئۇ سومكىسىنى ئوت ئىچىگە ئاتماقچى بولۇپ غۇلى-
چىنى كەڭ يېيىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە
يىراقتا لەپىلدەۋاتقان قىزىل بايراق كۆرۈندى. بۇ
قىزىل بايراق ئۇنىڭ مەكتىپىدىكى ئېگىز خادىغا
قادالغان قىزىل بايراق ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى
ئوت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بايراق تەرەپكە تارتاتتى. ئۇ
سەرەڭگىنى ئوتقا تاشلاپ، بىر بېسىپ، ئىككى بې-
سىپ بايراق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.



# ئېدىسون، ئېدىسون، ئېدىسون!

ئېسىمنى بىلسەملا ئاتا ـ ئانام سول قولىقىم-
نىڭ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى كىشىلەردىن يوشۇراتتى.
ماڭىمۇ بۇ توغرۇلۇق دائىم ساۋاق بېرەتتى، شۇڭى-
مىكىن قولىقىمنىڭ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى ھەر ۋا-
قىت، ھەر يەردە يوشۇراتتىم. بىزنىڭ ئۆيدە ئادەتتە
ھەممىمىز «پاڭ، گاس، ساغرۇ» دېگەن سۆزلەرنى
ئىشلەتمەيمىز. جاھاندىكى ئىشلارمۇ قىزىق بولىدى-
كەن. قولىقىمنىڭ كېسىلىنى (ئادەتتە ئۆيدىكىلەر
قولىقىمنىڭ گاسلىقىنى «قولىقىنىڭ كېسىلى»
دەيتتى) شۇنچە يوشۇرسام، ئاشكارىلانغىلىلا تۇردى-
دۇ. بىر قېتىم مەھەللىمىزدىكى باللار مەھەللى-
مىزنىڭ مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە ئو-
چۇقچىلىقتا ئويۇن ئوينىدۇق، ئويۇنىمىز داۋام قى-
لىۋاتاتتى. بىر چاغدا گۇلچېھرە: «بۇياق ئويناي-
مىز، بۇياق» دەپ باللارنى چاقىردى.

ھەممىمىز يولنىڭ چېتىگە دۆۋىلەنگەن لىم ـ
چەنزىلەر ئۈستىدە قاغا باللىرىدەك قاتار ئولتۇر-
دۇق. ئاۋۋال ئايسارەم رەڭ ساتقۇچى بولۇپ ھەممى-

مىزنىڭ قولىقىغا خالىغان رەڭنى پىچىرلىدى. ئۇ-
نىڭ ئىسسىق نەپىسى قولىقىمغا ئۇرۇلسا، پېشانە
چاچلىرى يۈزلىرىمگە تېگىپ چۈمۈلە ماڭغاندەك بو-
لۇپ غىدىقىم كېلىپ كەتتى. مەن ھېچنېمىنى ئاڭ-
لىيالمىدىم، چۈنكى ئۇ مېنىڭ سول قولىقىمغا پى-
چىرلىغانىدى، ئىككى قېتىم «نېمە؟» دەپ سورى-
دىم - دە، قولىقىمنىڭ كېسەللى يادىمغا كېلىپ
ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ «قولىقىم، قولىقىم»
دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ كەتتىم. ئايسارەم
ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا مەندىن كەچۈرۈم سوراپ
ئالدىمدا تۇراتتى، مەن «ئوينىمايمەن» دەپ كېتىپ
قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئويۇن ئوينىغىلىمۇ ئاز
چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. مەكتەپتىمۇ ساۋاقداشلى-
رىم بىلەن ئانچە ئارىلاشمايتتىم. مېنىڭ جىمغۇر
بولۇپ قېلىشىم ئاپامنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى.

مەن ئاپامنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممى-
سى مېنىڭ قولىقىمغا مۇناسىۋەتلىكتەكلا ھېس قى-
لىمەن. ئاپامنىڭ كۆرگەن كىتابلىرى، گېزىت -
ژۇرناللىرىنىڭ كۆپى دوختۇرلۇق، داۋالىنىشقا ئا-
ئىت ماتېرىياللار بولاتتى، ئەگەر قولاققا مۇناسىۋەت-
لىك مەزمۇن بولسا ئاستىغا سىزىپ قوياتتى، بۇنى
مەن ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا كۆرۈۋالغانى-
دىم. ئاپام بەزىدە كىشىلەرنىڭ يالغان - ياۋىداق

سۆزلىرىگىمۇ، پەقەت قۇلاق توغرۇلۇق بولسىلا ئىد-
شىنەتتى. كىم «بانان يېسە قۇلاققا پايدىلىقتەك»
دېدىكىنتاڭ، كۇندە بىر تال بانان يەيمەن. بانانىنىڭ
قىممەتلىكىنى دېمەمدىغان، شۇنداق بولسىمۇ بەزىدە
ئاپام، بەزىدە دادام بازاردىن ئەكېلىپ ئۆيدىن ئۆك-
سۇتمەيدۇ. ئاپام تېخى غايىبتىن بىرەر خىسلەتلىك
پەرىشتە چۇشۇپ قۇلىقىمنى داۋالاپ ساقايتىپ قوي-
دىغاندەك سىرتتىن كىرسىمۇ، ئۇخلاپ ئويغانسىمۇ
قۇلىقىمنىڭ ئاڭلايدىغان ـ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى سى-
ناپ باقىدۇ. بۇ ئىشلارغا دەسلەپتە نارازى بولغان
بولسامۇ، كېيىن كۆنۈپ كەتتىم. ئاچامنىڭ دېيى-
شىچە ئاپام ماڭا «كىشىلەرگە بىر قۇلىقىم ئاڭلى-
مايدۇ دېمە» دېسە، بىر قېتىم ئۆيىمىزگە مېھمان
كەلگەندە «مېنىڭ ئىككى قۇلىقىم ئاڭلايدۇ» دەپ
سالغان چېغىمۇ بولغانىكەن.
باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ دادامنىڭ خىز-
مەت يۆتكىلىشى بىلەن بىزمۇ شەھەرگە يۆتكەلدۇق.
دادامنىڭ يېڭى ئىدارىسى شەھەر سىرتىدا بولۇپ،
بىزگە كىچىككىنە هويلىسى بار ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي
بەردى. قوشنىلىرىمىزنىڭ مەن دېمەتلىك باللىرى
يوق ئىكەن، ئەمدى مەن تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ
كەتتىم. دادام خىلمۇخىل كىتابلارنى ئەكېلىپ بې-
رەتتى، ئۆيدىن چىقماي كىتاب كۆرىمەن. ئاچام

دەرسلىرىگە يېتىشەلمەي هويلىدا دائىم تىكىست يادلاپ ئاۋارە. ئاپام يېزىدىكى خىزمەت تۈزۈمىنىڭ شەھەرگە ماس كەلمەي جازالىنىۋاتقانلىقىدىن ۋاي-ساپلا يۈردى. يېزىدا بولسا ۋاخ بېرىپ، بالدۇر ئىشتىن چۈشەتتى، ئەمدى بولسا بىر مىنۇت بالدۇر قايتىش ۋە كېچىكىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇ-ڭىمىكىن مەن بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. ئاپام-نىڭ تۈگىمەس نەسىھەتلىرى كۆندە بار: «قولىقىڭ-نىڭ كىسەللىكىنى هەرگىز چاندۇرما، شەھەرلىك-لەر ‹پاڭ، گاس› دەپ لەقەم قويۇپ قويىدۇ. سىنىپتا ئولتۇرساڭ هەمىشە سەگەك بول...» بۇن-داق گەپلەر بولۇۋەرگەچكە بەزىدە قورقۇپمۇ قالات-تىم. قورقۇپ ئامال تاپالمىسام «بىر قولىقىمنىڭ ئاڭلىماسلىقى قانچىلىك ئىشتى، بىرى ئاڭلىمىسا بىرى ئاڭلايدىغۇ» دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بې-رىپ ئۇزۇن خىياللاردىن قۇتۇلاتتىم.

هازىرچە مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم قولىقىمنىڭ كېسىلىنى سەزمىدى. مۇئەللىم دەرس سۆزلىسە بېشىمنى بۇراپ ئوڭ قولىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايت-تىم. ئوچۇقىنى دېسەم شۇنداق ئولتۇرغان بىلەن تەگسىز خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتەتتىم. بىر كۈنى جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىز يان پارتىدىكى گۈل-مىرەنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ تەنقىدلەپ كەتتى.

ئۇقسام ئۇ مېنى نەچچە قېتىم چاقىرىپتۇ، ھەتتا دەپتىرىنى كانايچە قىلىپ خېلى ئۇنلۇك چاقىرىپتۇ. مۇئەللىم ئاڭلاپ قالغان گەپ، شۇڭا مۇئەللىم: «رەشىدە پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتسا، سىز دىققىتىنى چېچىپ نېمە قىلىسىز…» دېدى. مەن سول قولىقىمنىڭ ئاڭلىمايدىغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك قورقۇپ كەتتىم. تەنەپپۇس ۋاقتىدا گۈلمىرە كايىپ كەتتى:

— ھەي پاك، دوستۇم دەپ چاقىرىپ قويسام قېتىۋالغىنىنى بۇنىڭ، سەھرالىق تومپاي.

— گۈلمىرە، تازىمۇ يولسىز ئىكەنسەن، رەشىدەدە نېمە گۇناھ، — دېدى ماھىرە.

— ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ مېنى تەنقىدكە قويدى.

خۇداغا شۈكرى، ئۇ مېنىڭ سول قولىقىمنىڭ راستتىنلا «پاك» لىقىنى سەزمەپتۇ. ئەمدى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭمۇ گەپ ـ سۆزىگە، كىچىككىنە شەپىلىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولدۇم، شۇڭا دىققىتىم چېچىلىپ دەرسلەر كاللامغا چۈشمەيتتى. كەچتە ئاپام چۈشەنمىگەن يەرلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. ئەمدى مېنىڭ ئوڭ قولىقىممۇ ئېغىرلىشىپ قالغاندەك بىرەرى گەپ قىلسا چۆچۈپ كېتەتتىم. مۇئەللىملەر دەرس سورىسىمۇ ئورنۇم-

ـدىن چۆچۈپ تۇرۇپ كەتسەم، مۇئەللىملەر: «ھو-
دۇقماڭ، ئالدىرىماي، ئەركىن تۇرۇپ جاۋاب بې-
رىڭ» دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا جاۋابنى شۇنداق
تېز بېرەتتىم، ساۋاقداشلىرىم «بىلەلمىدۇق» دەپ
تۈۋلىغان چاغلىرىمۇ بولدى.

بىزنىڭ ئۆيدە ھەممىمىز بەكرەك گەپ قىلىدى-
غان ئوخشايمىز. ئاپام: «رەشىدە، دوستلىرىڭغا
گەپ قىلغاندا، مۇئەللىملەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب
بەرگەندە سەل ئاستا گەپ قىل، تۇگمەنچىدەك بەك
چىڭ گەپ قىلساڭ قۇلىقىڭنىڭ كېسىلى ئاشكارىلى-
نىپ قالىدۇ...» دەيتتى. شۇڭىمىكىن بارغانچە
ئاستا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزى ئوقۇتقۇ-
چىلار: «بەكرەك سۆزلەڭ» دەپ تەنقىدلەيمۇ باقات-
تى. ئاۋازىم قاچان بەك چىقىپ كېتىدىكىن، دەپ
ئەنسىرەپلا يۈردۈم. بەزىدە تېخى پارتىدىشىم قاسىم-
جاندىن: «گەپ قىلدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپ سالات-
تىم، بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئەجەبلىنىپ بېشىنى چاي-
قايتتى. مېنىڭ كۆنلىرىم شۇنداق تەستە ئۆتۈۋاتات-
تى. بىر كۈنى خەنزۇ تىلى مۇئەللىمىمىز خۇشال
ھالدا:

— ساۋاقداشلار، ئەتە خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئې-
لېكترلەشكەن سىنىپدا ئۆتىمەن. نەچچە ئايدىن بې-
رى سىنىپ يېتىشمەي ئاپپاراتلارنى قۇراشتۇرالمى-

غانىدۇق، ئەمدى تۆتىنچى قەۋەتكە يۆتكەپ ئورۇن-
لاشتۇرۇپ بولدۇق، سىلەر بۇنداق سىنىپتا دەرس
ئاڭلاپ باقمىدىڭلار، — دېدى. بىز خۇشال بولۇپ
چۇرقىرىشىپ كەتتۇق، چاۋاك چالغانلارمۇ بار تې-
خى.

مانا مەنمۇ تېلېۋىزورلاردىلا كۆرۇپ، ئۆزۈم
كۆرۈپ باقمىغان، ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇلىغان،
زامانىۋى ئەسلىھەلىرى تولۇق سىنىپقا كىردىم.
ھەممىمىز يوقلىما نومۇرىمىز بويىچە قىزىل نومۇر-
غا قاراپ ئولتۇردۇق. مۇئەللىم:

— ھەممىڭلار تىڭشىغۇچنى ئېلىپ سىناپ بې-
قىڭلار، — دېدى.

— مېنىڭ ساق ئىكەن.

— مېنىڭ ئاڭلانمىدى، بۇزۇق ئىكەن.

— مېنىڭمۇ، — دېدىم مەن.

مۇئەللىم يېنىمغا كېلىپ ئۆزى تاقاپ ئاڭلاپ
بېقىپ:

— رەشىدە، سىزنىڭ سول تەرەپتىكىسى ئاڭ-
لىنىۋاتامدۇ، بىرى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، —
دېدى.

مەن تاقىدىم، پەقەت ئاڭلانمىدى. مەن يەنە
قول كۆتۈرۈپ:

— بۇزۇق ئىكەن، — دېدىم.

— قولىقىڭىز پاخمو سىزنىڭ، سول تەرەپتىن-
كىسى ساپساق تورمامدو مانا.
شو چاغدىلا قولىقىمنىڭ كېيىنلى يادىمغا كې-
لىپ پاخىڭىدە يىغلىۋەتتىم ـ دە، تالاغا يوگۈردۈم.
مۇئەللىم ئارقامدىن چىقىپ بىلىكىمدىن تۇتۇۋې-
لىپ:
— مەن ئۇنىئالغۇنى قويۇپ قويدۇم، ساۋاقداش-
لار تېكىست ئوقۇۋاتىدۇ. سىز ئاڭلىمامسىز؟ مەن
يا سىزنى تىللىمىسام، نېمىشقا باتنايسىز، —
دېدى.
مەن ئاپام «ھېچكىمگە ئاشكارىلىما» دېگەن
مەخپىيەتلىكنى مۇئەللىمگە دېدىم. ئەتىسى خەنزۇ
تىلى مۇئەللىم ماڭا: «ئىدىسون ھەققىدە ھېكايە»
دېگەن كىتابنى بەردى. مەن بۇ كىتابنى يېزىدىكى
چاغدا ئوقۇپ بولغان، مەيلى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ
چىقاي. مەن بىرنەچچە كۈندىلا ئوقۇپ بولدۇم ۋە
مۇئەللىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم. ئەمدى مەن
ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇشنى بارا ـ بارا ئۆگىنىۋال-
دىم. مەن: «مېنىڭ بىر قۇلىقىم ئاڭلىمىسا، يەنە
بىر قۇلىقىم ئاڭلايدۇ، ئىككى قۇلىقى ئاڭلىمايدى-
غان كىشىلەردىن بەختلىك» دېگەن سۆزنى قەلب
ئاسمىنىمغا يازدىم.
ئەگەر مەندىن بىرى: ئەڭ ھۆرمەيلەيدىغان

كەشپىياتچى كىم دەپ سورىسا «ئىدىسون» دەيمەن.
سىنىڭ نەزىرىڭدىكى ئەڭ ئىرادىلىك كىشى كىم دەپ سورىسا «ئىدىسون» دەيمەن.
ھاياتىڭغا ئەڭ تەسىر كۆرسەتكەن كىشى كىم دەپ سورىسا «ئىدىسون!» دەيمەن، چۈنكى ئۇ ماڭا ئۈمىد بېغىشلىغان.



# پۆرسەت

مەن بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتتۇم. مەن بىرىنچى يىللىق ئىككىنچى سىنىپقا تەقسىملەندىم. سىنىپىمىزدا ئىسمى ئىسمىم بىلەن ئوخشاش نۇس-رەتگۇل دېگەن قىز بار ئىكەن. ئۇ دەرسلەردە ياخ-شى بولۇپلا قالماي، تەنتەربىيىدىمۇ، سەنئەتتىمۇ قالتىس تالانتلىق ئىكەن. بىر ئاي بولا - بولمايلا ئۇنىڭ ياخشى نامى سىنىپىمىزدا ھەممىدىن كۆپ تىلغا ئېلىندى.

بىزگە دەرسكە كىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرى-مىزمۇ دەسلەپتە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن: «سىلەر بىلەن ئاستا - ئاستا تونۇشۇۋالار-مىز» دەپ دەرسنى باشلاشتى. ئالگېبرا مۇئەللىمى-مىز بىلەن خەنزۇ تىلى مۇئەللىمىمىز دەرس سورى-سا قول كۆتۈرگەنلەردىنلا سوئال سوراپ، ئىسمىنى سوراپ نومۇر قوياتتى - دە، باشقىلار بىلەن كارى بولمايتتى. نۇسرەتگۇلنىڭ فامىلىسى ناسىر بولۇپ ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇراتتى. ئوقۇش باشلىنىپ

بىرىنچى ھەپتىسى مۇئەللىم ئۇنىڭدىن دەرس سورى-
دى، ئۇ جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن مۇئەللىم:
— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— نۇسرەتگۇل.
— ئولتۇرۇڭ، نومۇرىڭىز يۈز.
شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ مۇئەللىمىمىز دەرس سورىغان چاغلاردا «نۇسرەتگۇل» دەپ چاقىرسىلا ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم. دەرس تەكرار قىلى-
مىغاچقا، يەنە كېلىپ مۇئەللىم نۇسرەتگۇل ناسىرغا قاراپ سورىغاچقا جىم ئولتۇردۇم. ھەر قېتىم «نۇسرەتگۇل» دەپ چاقىرسىلا چۆچۈپ قارايمەن.
ئالگېبرا مۇئەللىمىمىزنىڭ نەزىرىدە بۇ سىنىپتا پە-
قەت بىرلا نۇسرەتگۇل بار. ساۋاقداشلىرىم دەسلەپتە ماڭا لاپپىدە قارىغانمۇ بولدى، پارتىدىشىم ئالىيە بىقىنىمغا نوقۇغانمۇ بولدى، ئەمما مەندىن ئاۋۋال نۇسرەتگۇل ناسىر ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرەت-
تى.
بۇ خىل ئەھۋال خەنزۇ تىلى دەرسىدىمۇ داۋام-
لاشتى. قولۇمنىمۇ كۆتۈرۈپ باقتىم، جاۋاب بې-
رىپ يۈز نومۇرمۇ ئالدىم. نەچچە قېتىم مۇئەللىم-
دىن ئىسمىمنى سورامدىكىن دېسەم، يوقلىما نومۇ-
رۇمنى سوراپلا بولدى قىلدى. ئىشقىلىپ، بۇ ئىك-
كى پەندە مەندىن ئانچە كۆپ دەرس سورالمىدى.

ئالگېبرا مۇئەللىمىمىز ئىسمى ئېسىدە قالغان بالى-
لاردىنلا دەرس سورايدۇ، خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى-
مىز يوقلىما نومۇرى ئالدىدىكى ئوتتۇز بەش نومۇر-
غىچە سوراپ، مەندەك ئاخىرقى نومۇرلۇق ئوقۇغۇ-
چىلاردىن سورىمايدۇ. باشقا ساۋاقداشلىرىم قانداق
ئويلىدىكىن، مەن سەل خاپا بولدۇم، ئەمما ئەزەل-
دىنلا كەم سۆز، تارتىنچاق مىجەزىم بار بولغاچقا،
ھېچكىمگە ھېچنېمە دېيەلمىدىم. بۇ ئىككى خىل
پەنگە بولغان ئىشتىياقىممۇ سۇسلاشقا باشلىدى.
ئەتراپىمدىكى ساۋاقداشلىرىمدىن باشقىلار سى-
نىپتا ئىككى نۇسرەتگۈل بارلىقىنى بىلمەيدىغان-
دەك، «نۇسرەتگۈل ناسىر، نۇسرەتگۈل تۇرسۇن»
دېمەي «نۇسرەتگۈل» دەپ ئۇنى ئۇدۇللا چاقىراتتى.
ئوغۇللاردىن ئوخشاش ئىسىملىك ئىككى ئالىمنى
بولسا فامىلىسىنى قوشۇپ «ئالىم قاسىم، ئالىم
راخمان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۆزۈم ئولتۇرغانچە جىلە
بولۇپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. دەرسلەرنى مۇزا-
كىرە قىلساممۇ ئالگېبرا بىلەن خەنزۇ تىلىنى ئەڭ
ئاخىرىدا قىلىدىغان بولدۇم.
بىر كۈنى دادام:
— قىزىم، مۇئەللىملەر دەرس سورىسا جاۋاب
بېرەلەۋاتامسەن؟ بىلمىگەن يەرلىرىڭنى سوراپ تۇ-
راتتىڭ، ئەمدى سورىماس بولۇپ قالدىڭ، — دېدى.

— هە، ... ياق! ...

— بۇ، نېمە دېگىنىڭ!

مەن ئالگېبرا، خەنزۇ تىلى دەرسلىرىدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم.

— پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپسەن، قىزىم، — دېدى دادام، — «نۇسرەتگۇل» دېگەندە سەنمۇ ئورنۇڭدىن تۇر. مۇئەللىمىڭ ھەرگىزمۇ «سېنى چاقىرمىدىم، سەن ئولتۇر» دېمەيدۇ. ئادەم ئۆزىنى كۆرسىتىشتە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى كېرەك، پۇرسەت دېگەن غەلىبە، ئۇمىد، ئامەت، بىلىم...

ئەتىسى ئالگېبرا دەرسىدە مۇئەللىم قېرىشقاندەك «نۇسرەتگۇل» دەپ چاقىرمىدى. خەنزۇ تىلى مۇئەللىمىمىزمۇ «يېڭى دەرس مەزمۇنى كۆپ» دەپ ھېچكىمدىن دەرس سورىمىدى. جۇغراپىيە مۇئەللىمىمىز دەرس سورىغاندا «نۇسرەتگۇل» دەپ چاقىردى ھەم نۇسرەتگۇل ناسىرغا قارىدى. سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. دېمەك، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويدۇم. تۆتىنچى سائەتتە تەنتەربىيە...

يېرىم كۈنلۈك ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ، ئۆيگە كەلسەم دادام «قانداق؟» دېگەندەك قىلىپ ماڭا قارىدى، مەن باش چايقىدىم، دادام ئارتۇق گەپ

قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى. ئەتە چوقۇم جاۋاب بېرىمەن، دەپ قايتا - قايتا تەكرار قىلدىم...

سەھەردىلا مەكتەپكە كېلىپ بۇگۇنكى دەرس-لەرنى يەنە بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم. بىرىنچى سا-ئەتلىك خەنزۇ تىلى دەرسىدە قول كۆتۈرۈپ جاۋاب بەردىم.

— نەچچىنچى نومۇر؟

— قىرىق بىرىنچى نومۇر.

بۇ سائەتتىمۇ مۇئەللىمگە ئىككى نۇسرەتگۇل بارلىقىنى بىلدۈرەلمىدىم، پەقەت ئۈچىنچى سائەتتە ئالگېبرا مۇئەللىمىمىز بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ بىلەن شە-كىلنى سىزىپ بولۇپ:

— نۇسرەتگۇل، سىز قائىدىنى دەڭ، — دېدى. ئورنۇمدىن تېزلا تۇرۇپ، نۇسرەتگۇل ناسىرنىڭ ئالدىدا جاۋاب بەردىم. مۇئەللىم ئاۋازىمدىن ھەيران قالدىمۇ ياكى ئىككى ئاۋازنىڭ تەڭ چىققىنىدىن ھەي-ران قالدىمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ سورىدى:

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ نۇسرەتگۇلمۇ؟

— ھەئە!

— مەن بۇ سىنىپتا نۇسرەتگۇلدىن بىرى بار دەپ ئويلاپتىمەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا دې-مىدىڭلار؟ ياخشى جاۋاب بەردىڭىز.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئالگېبرا مۇئەللىمىمىز دەرس سورىسا، ئىزچىل «نۇسرەتگۈل ناسىر، نۇسرەتگۈل تۇرسۇن» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ، باشقا مۇئەللىملەرمۇ شۇنداق ئاتاشقا بارا ـ بارا كۆندى. ئەگەر «نۇسرەتگۈل» دەپ چاقىرسا ئىككىمىز تەڭلا تۇراتتۇق. كۆڭلۈمدىكى تۈگۈن يېشىلگەچكە دەرسلەردە خېلى ئىلگىرىلىدىم. راست «پۇرسەت» دېگەن دادام ئېيتقاندىنمۇ ئۇلۇغ ئىكەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تالاي پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمغا ئۆكۈنىمەن.



# «ئوغرى» ئاتىلىپ قالغان قىز

مەن شەھەرلىك ئۈچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ تو-لۇقسىز بىرىنچى يىللىق سەككىزىنچى سىنىپتا «ئوغرى» ئاتىلىپ قالغان قىز ئىززەتگۈل بولى-مەن. شۇ سەۋەبتىن دادامدىن بىر تەستەك يېدىم ھەم ئوقۇتۇشى ئىلغار ياتاقلىق مەكتەپتىن يېزىمىز-دىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە يېنىپ كەلدىم. يېنىپ كەل-دىم ئەمەس دادام ئەكېلىۋالدى.

ھەر قېتىم ئالبومنى ئاچسام ئۈچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى يېڭى يىللىق پائالىيەت ئۆتكۈزگەندە چۈشكەن ئۈچ پارچە سۈرەتكە قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. بىر - بىرىدىن تىرىشچان ساۋاقداشلىرىم-نى، بىلىملىك مېھرىبان ئوقۇتقۇچىلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم كۆزلىرىمگە ياش كېلى-دۇ.

ئۇ سىنىپتىكى ھېچكىم بىلەن سەن - پەن دەپ قىزىرىشىپ قالىدىغان ئىشلار بولمىغانىدى، لېكىن پەرىدە ماڭا ئۆچلۈك قىلاتتى. «كىتاب» ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقانىدى، «كىتاب»

ۋەقەسى ھەممىگە سەۋەبچى. شۇ كۈنى نېمىشقىمۇ
چۈشلۈك دەم ئېلىشتا سىنىپقا چىقىپ مۇزاكىرە
قىلغاندىمەن، نېمىشقىمۇ شايمەردانغا چاقچاق قىل-
غاندىمەن، نېمىشقىمۇ خەقنىڭ كىتابىنى تۇتقاندى-
مەن... «كىتاب» ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى.

※ ※

شۇ كۈنى ئادىتىم بويىچە چۈشلۈك تامىقىمنى
يەپ بولۇپلا سىنىپقا چىقىپ دەرسلىرىمنى تەكرار-
لىدىم. يېزىدا مۇئەللىم تولا ئالمىشىپ، ئانچە ئې-
تىبارغا ئېلىنىپ كېتىلمەيدىغان «خەنزۇ تىلى» نى
كۆپرەك ئۆگىنەتتىم، بۈگۈنمۇ تېكىست يادلىدىم.
تۇيۇقسىز ئەدەبىيات دەرسىدىن بەرگەن تاپشۇرۇق
ئېسىمگە كېلىپ، «ئەدەبىيات» كىتابىمنى تاپال-
ماي، ئالدىمدىكى پارتىدىن شايمەردانىڭ كىتابى-
نى ئېلىپ تاپشۇرۇق تەلەپلىرىنى كۆردۈم. ئىككى
قۇر خەت يازا ـ يازمايلا گاڭبىيىمنىڭ سىياھى
تۈگىدى. سىنىپتىن كۆك سىياھ تاپالماي شايمەر-
دانىڭ كىتابىنى ئېلىپ گاڭبىيىمغا سىياھ ئىچۈر-
گىلى ياتاققا كىردىم. كىم بىلسۇن ياناشمىدا كارى-
ۋىتىمنىڭ بېشىدىكى ئۆزۈمنىڭ «ئەدەبىيات» كىتا-
بىنى ئېلىپلا مېڭىپتىمەن. تاپشۇرۇقنى تۈگىتىپ

ماتېماتىكىدىن كۆنۈكمە ئىشلىدىم. ساۋاقداشلار بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى. بىر ھې-سابنى ئىشلىيەلمەي تۇرغاندا شايمەردانىنىڭ:

— مېنىڭ «ئەدەبىيات» كىتابىم يوق تۇرىدۇ، كىم ئالدى، — دەپ ئۇنلۇك ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ:

— مەن ئالدىم، كىتابىڭىز مەندە، بۇ ھېسابنى ئىشلەپ بەرسىڭىز بېرىمەن، — دەپ چاقچاق قىل-دىم.

مەن كىتابنى ئېلىپ قارىسام ئۇنىڭ كىتابى يوق، ئاختۇردۇم، يەنە يوق.

— ياتاقتا قاپتۇ، هازىرلا ئاچىقىپ بېرەي.

— ھەي، ساۋاقداشلار! سىنىپىمىزدا ئوغرى بار ئىكەن، ئوغرى! ...

شايمەردان ئۇنلۇك ۋارقىرىدى، مەن ھەيران بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. پەرىدە:

— ئۆتكەندە بەش يۈەن پۇلۇم يوقىلىپ كېتىۋې-دى، ئەسلىدە سىنىپىمىزدىكى ئوغرى موك سوققا-نىكەن ـ دە، — دېمەسمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي پاڭڭىدە يىغلىۋەتتىم.

— مېنىڭ لۇغىتىم يوقىلىپ كەتكەن.

— مېنىڭ سائىتىم...

— مېنىڭ گاڭبىيىم يوقىلىپ كەتكەن.

— ئوغرى تۆلەپ بەرسۇن!

— ......

ئۇلارنىڭ مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلىمايلا سۆزلەپ كېتىۋاتقانلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم، پەقەت گۈلباھارلا يېنىمدا تۇرۇپ مېنى بەزلەۋاتاتتى. مەن سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم، ياتاققا كىرىپ كارىۋىتىمدا دۈم يېتىۋالدىم. ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ پەرىدە بىلەن نەچچە ساۋاقداش ياتاققا كىردى. پەرىدە:

— ھەي، ئوغرى! بىز ئاختۇرىمىز، ھەممە نېمەڭنى ئاختۇرىمىز، ئاچە چامادىنىڭنى! سىنىپىمىزدا ئون تال گاڭبى، ئىككى لۇغەت، بىر سائەت... يوقىلىپتۇ.

ئۇنىڭ قوپاللىقىدىن غەزەپلىنىپ «ئاختۇرە مانا» دەپ ئاچقۇچنى جوزىغا تاشلاپ بەردىم. ئۇلار كۆرپەمنىڭ ئاستى، يازلىق خۇرۇم ئاياغ، چۈخەيلىرىمنىڭ ئىچىگىچە ئاختۇردى. ئۇلار شايمەردانىڭ كىتابىنى كۆتۈرۈپ شەھەر ئالغان پالۋانلاردەك مەغرۇر چىقىپ كەتتى، مەن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدىم. مەن ياتاقنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلدىم، دېرىزىدىن سەكرىسەملا بارلىق ئاھانەت، خورلۇقلاردىن قۇتۇلاتتىم. بىراق، دادامنىڭ مۇشۇ دېرىزىدىن يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ: «قىزىم، پۇلدىن غەم قىلما، ئوقۇشۇڭنى ياخشى ئوقۇ. بۈگۈن-

دىن باشلاپ سەن ئۆيدىن ئايرىلىپ تونجى قېتىم كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى باشلىدىڭ، ياتاق-داشلىرىڭ بىلەن ئوبدان ئۆت، باشقىلارنىڭ نەرسىد-سىگە كۆز قىرىڭنى سالما. بىر تال سەرەڭگە چاغ-لىق نەرسە ئالساڭمۇ ئوغرى بولىسەن» دەپ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئويلىدىم.

«توۋا، دادام كېلىدىغان ئىشنى بىلىدىغاندەك نەسىھەت قىلىپتىكەن، دادام خىزىرمۇ نېمە؟» دەپ-مۇ ئويلىدىم. دادامنىڭ ئەنسىرىگەن ئىشى مانا يۈز بەردى، ئوغرى ئاتىلىپ قارىلىنىپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان، بىر تىيىنلىق نەرسە ئوغرىلىغان بولسام كاشكى. ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ گۈلپىد-يە مۇئەللىم كىرىپ كەلدى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي گۈلپىيە مۇئەللىمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم. مۇ-ئەللىم چاچلىرىمنى سىلاپ، مېنى بەزلەپ يىغىدىن توختاتتى، مەن بولغان ئىشنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىد-گىچە سۆزلەپ بەردىم. گۈلپىيە مۇئەللىم:

— ياتىقىڭىزغا كىرىپ ئاختۇردىما؟! يولسىز-لىققۇ بۇ، يۈرۈڭ، سىز ئاۋۋال دەرسكە قاتنىشىڭ، ئاندىن...

مەن گۈلپىيە مۇئەللىمگە ئەگىشىپ، ئوقۇ-تۇش بىناسىغا ماڭدىم. سىنىپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مۇئەللىم:

— ئىززەتگۈل، كىچىككىنە ئىشلارغا دەرس تاشلىماڭ. بۈگۈنكى ئىشنى مەن ھەل قىلالمىسام، مەكتەپ رەھبەرلىكى ھەل قىلىدۇ، دەرستىن چۈ-شۈپلا ئىشخانامغا كىرىڭ، — دەپ ئىشخانىسى تەرەپ-كە كەتتى.

سىنىپنىڭ ئالدىدا كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىۋې-تىپ، ئۆزۈمنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتىم. سىنىپقا كىرىشىمگە ساۋاقداشلار ماڭا لاپ-پىدە قارىدى ۋە ئۈيەر ـ بۈيەردە پىچىرلىشىشلار باشلاندى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى «ئوغرى» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. خەنزۇ تىلى مۇ-ئەللىمىمىز ئىنتىزامنى بىر قۇر تەشكىللىۋېتىپ ماڭا «ئولتۇرۇڭ» دېگەن قول ئىشارىتىنى قىلدى. ئورنۇمغا قانداق بارغىنىمنى بىلمەيمەن، ئورۇندۇق-قا ئولتۇرۇشۇمغا ئاۋازلار كۈچەيدى. كۆڭلۈم بىرەر يامانلىقنى سەزگەندەك بولۇپ، ئورۇندۇقنى سەل ئالدىغا سۈرەي دەپ ئوڭ قولۇم بىلەن ئورۇندۇقنى تارتىشىمغا قولۇم ھۆل بولۇپ كەتتى. قارىسام قاپ-قارا سىياھ بارماقلىرىمنىڭ ئارىلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى، قولۇمنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلاي، دەپ تۇرۇشۇمغا ئالدىمغا ياڭاقتەك قەغەز مونەك چۈشتى. خەنزۇ تىلى مۇئەل-لىم قولۇمنى كۆتۈرگىنىمنى كۆرۈپ:

— كىچىككىنە كىرىك بىر، يەنە دەرسكە مۇنا-
سىۋەتسىز ئىشلارنى دەپ... دەرستىن چۈشكەندە
بىرنىمە دېيىشەيلى، بولمىسا دەرسىم نىشانغا يەت-
مەيدۇ، — دېدى.

ئىلاجسىز سىياھ ئۈستىدە ئولتۇردۇم، مۇئەل-
لىم ئورۇندۇقنىڭ سىياھ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ -
دە. بىر چاغدا ساغرامغا ھۆل ئۆتتى، ئورنۇمدىن
تۇرۇۋالدىم، مۇئەللىم ماڭا ئالىيىپ قارىۋېدى، يۈ-
رىكىم ئېغىپ كەتتى. تەخىسلىقتا قېلىپ سىرتقا
قاراپ ماڭدىم، ئاقۇچ ئىشتىنىمنىڭ كەينى قارا سىي-
ياھدا بۇلغىنىپ كەتكەچكە، باللار پاراققىدە كۈ-
لۈشتى. ئاچچىقىمدا ئىشىكنى قاتتىق يېپىۋېتىپتى-
مەن. خەنزۇ تىلى مۇئەللىمىنىڭ كەينىمدىن يۈگۈ-
رۈپ چىقىپ ۋارقىراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، نەچ-
چە پەلەمپەينى بىر ئاتلاپ دېگۈدەك ياتاق بىناسى
ئالدىغا باردىم. ئادەتتە دەرس باشلىنىپ بەش مىنۇت-
تىن كېيىن «رۇخسەت سوراش خېتى» گە سىنىپ
مەسئۇلى ئىمزا قويمىسا بىنا ئىچىگە كىرگۈزمەيت-
تى. ياتاق باشقۇرغۇچى تۆكۈلۈپ - تۆكۈلۈپ يىغلا-
ۋاتقانلىقىمغىمۇ ياكى ئىشتىنىمنىڭ بۇلغانغانلىقىنى
كۆرۈپمۇ تەرسالىق قىلماي ياتاق بىناسىغا كىرگۈ-
زۈۋەتتى. ياتاقتا تولا يىغلاپ كۆزلىرىم قىزىرىپ،
قاپاقلىرىم ھەرە چاققاندەك ئىششىپ كېتىپتۇ. يا-

دىمغا ھېلىقى قەغەز مونەك كېلىپ يانچۇقۇمدىن ئېلىپ ئوقۇدۇم:

«ئۆزىنى سىنىپىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق ئوقۇغۇچى دەۋالغان ئوغرى ئىززەتگۈل، مەن سەن بىلەن نېمىشقا بىر پارتىدا ئولتۇرماي يۆت- كىلىپ كەتتىم، بىلگۈڭ باردۇ؟ سەندىن ھەرچاغ ئېچىپ قالغان تائامدەك بەتبۇي پۇراق كېلىدۇ. سەن سەھرالىق مەينەتنىڭ چېچىدىكى ‹قوي - قوزىلار›، ماڭا ھۇجۇم قىلمىسۇن، نەرسىلىرىم يوقىلىپ كەتمىسۇن، دەپ يۆتكىلىپ كەتكەن. بۈگۈن ئاشكارىلاندىڭ، ئوغرى، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش نومۇس.

پەرىدەدىن»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپ- تىمەن. بىر چاغدا گۈلباھار ياتاققا كىرىپ:

— ئىززەتگۈل، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، بىز سىزگە ئىشىنىمىز… سىنىپ مەسئۇلىمىز نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھۆ… ھۆ… ئىشخانىغا كىر… رىڭلار، دې- دى.

— يۈرۈڭ ئەمىسە.

— ئىشتىنىمنى ئال… ماشتۇرۇۋالاي.

ئاپئاق قىشلىق يوڭ ئىشتان، قاردەك ئاق قىشلىق ئىچ كىيىملەرنىڭ ھەممىسى قارا سىياھدا بولغانغانىدى، گۈلباھار يۈگۈرگەن پېتى ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۈلپىيە مۇئەللىم گۈلباھار باشلىق نەچچە قىز ساۋاقدىشىنى باشلاپ كىردى. بولغانغان كىيىملىرىنى كۆرۈپ قولۇمدىن يېتىلەپ ئىشخانىسىغا ئاچىقتى. پەرىدە بىلەن شايىمەردانىنىمۇ چاقىرىپ يۇزلەشتۇردى. مۇئەللىم شايىمەردانغا:

— شۇنچە بالىنىڭ ئالدىدا «ئوغرى» دەپ تۇۋلىدىڭمۇ؟ ئورۇندۇقتا سىياھ تۆككىنىڭنى نېمە دەي!

— كىتابىمنى ئوغرىلىۋالغان تۇرسا، تۆكتۇم، ئۆزۈمنىڭ سىياھى.

— راست، مۇئەللىم، شايىمەردانىنىڭ كىتابىنى ياتىقىدىن تاپتۇق.

— پەرىدە، مەن سىزدىن گەپ سورىمىدىم، سىز جىم تۇرۇڭ!

— كىتابىڭىزنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم «كىتابىڭىز مەندە» دەمدۇ؟

— بەرىبىر ئوغرى.

— پەرىدە، شايىمەردانىنىڭ كىتابى ئۇچۇن سىز كۆچەپ كەتتىڭىزغۇ؟

— مېنىڭمۇ نەرسىلىرىم يوقالغان.
— قېنى ئىززەتگۈل، دەڭە، ماڭا دېگەنلىرى-ڭىزنى ئەينەن دەڭ، ئۇلارمۇ ئاڭلاپ باقسۇن.
مەن بولغان ئىشنى يەنە تەپسىلىي دەپ بەردىم.
— يالغان، مۇئەللىم، يالغان! ئىسپات تاپ-سۇن!
— پەردە، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ!
مەن ھېلىقى خەتنى مۇئەللىمگە بەردىم، مۇ-ئەللىم خەتنى ئوقۇپ بولۇپ پەردەگە تېرىكتى. ئۇلار ئىككىسىنى ئاتا-ئانىلىرىنى ئەكېلىشكە بۇي-رۇدى. مېنىڭ بۇلغىنىپ كەتكەن كىيىملىرىمنى بىر مۇبىر تىزىملاپ، شايىمەردان ئىككىمىزنى ئىش-خانىدىن چىقىرىۋېتىپ، پەردەنى ئېلىپ قالدى. مۇئەللىم پەردەگە نېمە دېگەنلىكى ماڭا ئېنىق ئە-مەس.
مېنىڭ دادام مائاش ئالمىغان بىلەن كىچىك بولسىمۇ دۇكىنىمىز بار، كىرىمىمىزمۇ يامان ئە-مەس. دادامنىڭ ئاچچىقى يامان ئادەم، بۇ ئىشنى ئۇقسا چوقۇم خاپا بولىدۇ، قانداق قىلارمەن، تازا بېشىم قاتتى. ياتاقداشلىرىم تەسەللى بېرىپ قويۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋەردى، پەقەت گۈلبا-ھارلا مەندىن نېرى كەتمەي ھەربىر ئىشىمغا سەپسې-لىپ يۈردى، ئۇ بەلكىم مەندىن ئەنسىرەپ قالغان

بولۇشى مۇمكىن. شۇ كېچىسى ئۇخلىيالمىدىم، تۈن شۇنداق ئۇزۇن بىلىندى، تاڭنى كۈتۈپ نەۋاخ-لاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن.

مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىمۇ باشلاندى. يېڭى يىل كۈنىنى شۇنچە خۇشال ئۆتكۈزۈپ، يېڭى يىلنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەجەب كۆڭۈل ئاغرىتقى تېپى-ۋالدىم - ھە! ماڭسام - تۇرسام «ئوغرى» دېگەن سۆز ماڭا ھەمراھدەك تۇيۇلاتتى، «ئوغرى» دېگەن سۆزنىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىشلىتەلمەيمەن، سا-ۋاقداشلىرىم «ئوغرى» دېگەن سۆزنى دېسىمۇ گويا مېنى دەۋاتقاندەك تەشۋىشلىنىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇلارغا قايتا - قايتا سۆزلەپ بەرگۈم كېلىدۇ. ئاڭلىسام بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىم ئارقامدىن راستىنلا «ئوغرى» دەپتۇ. گۈلپىيە مۇئەللىم شا-يىمەردان بىلەن پەرىدەگە ئەپۇ سوراتقۇزۇپ، ئال-دىمدا خاتالىقىنى تونۇتقان، بۇلغانغان كىيىملىرى-نى تۆلىتىپ بەرگەن بولسىمۇ كۆڭلۈم يەنىلا يېرىم ئىدى. بىر كۈنى دادام شەھەرگە كىرىپ مېنى يوق-لاپ مەكتەپكە كېلىپ دەرۋازىدىن كىرىشكە دۈكاندىن قەلەم ئېلىپ چىقىۋاتقان ئۆركەش «ئوغرىنىڭ دادىسى كېلىپتۇ» دېگەنىكەن، دادام ئاڭلاپ قاپتۇ. دادام مەندىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن شايىمەر-دان بىلەن پەرىدەگە قاتتىق گەپ قىلدى، ئاتا -

ئانىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇرۇشماقچىمۇ بولدى. مەن دادامنى توسۇپ يىغلاپ تۇرۇۋالدىم. ئاخىر گۇلپىيە مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ سۆزلەپ كەتتى:

— بىر قىز بالىنى سىنىپتا ھەممە بالىنىڭ ئالدىدا «ئوغرى» دەپ ھاقارەتلەپ ياتىقىنى ئاختۇرسا قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۇچۇن كەچۈرۈم سوراتسىلا بولىدىغان گەپمۇ؟ دېھقان بولساقمۇ غۇرۇرىمىز بار بىزنىڭ. ئەگەر قىزىم راستىنلا «ئوغرى» بولسا پۇت - قولىنى چېقىۋېتىپ ئۆيدىن چىقارماي باقىمەن. قانداق دېگەن گەپ بۇ…

دادام گۇلپىيە مۇئەللىمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە، مېنىڭ يالۋۇرۇشلىرىمغا قارىماي مېنى يېزىمىزغا ئېلىپ ماڭدى.

※ ※

مانا شۇنىڭدىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ باقمىدىم. ئويلىسام شايىمەردان بالىلىق، تەنتەكلىك قىلىپ مېنى «ئوغرى» دەپ تۇۋلاپتۇ. پەرىدە بولسا سىنىپتىكى قىزلار: «ئىززەتگۈل سىز نېمىدېگەن گۈزەل» دېيىشكەندە، مەنمۇ چاقچاق قىلىپ: «شۇ گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى دەڭلار» دەپ چاقچاق قىلغا-

نىدىم. پەردە ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ئى-
شىنىپ «مەن سىنىپتا ئەڭ چىرايلىق» دەپ يۈر-
گەندە، باشقىلارنىڭ ماڭا قىلغان چاقچاقلىرى ئۇ-
نىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپ قويغانىكەن، شۇڭا
ئۇ زەھىرىنى ئايىماي چېچىپتۇ. شۇ بەتنامغا قويغان
چىرايىمنى ئەينەكتىن كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتىم.
خەپ، يېزىدىمۇ تىرىشىپ ئوقۇسا ئالىي مەكتەپكە
ئۆتكىلى، ياراملىق ئادەم بولغىلى بولىدىغۇ؟ مەن
كۆڭلۈمگە شۇلارنى پۈكۈپ يىراقلارغا نەزەر سال-
دىم.



# كىچىك مۇئەللىم

مەرھابا تولىمۇ ئوماق قىز. ئۇنىڭ يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنى قىپقىزىل كۆڭلەك كىيىپ، چېچىغا ئالتۇندەك سېرىق لېنتا چىگىپ ياپيېشىل چىملىقتا چۈشكەن سۈرىتى ئۇنى بىر تال قىزىلگۈلدەكلا كۆر-سىتەتتى. بۇ سۈرەت ئۆيىنىڭ تۆر تېمىغا ئېسىقلىق ئىدى. مەرھابانىڭ ئاق ئۆرۈكتەك سۇزۇك يۈزى، گىلاستەك قىزىل لېۋى، بولاقتەك كۆزلىرى بىر قارىغان كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئاتى-سى يىراق يېزىدا كادىر بولۇپ ئۆيگە ھەپتىدە بىر كېلەتتى. ئاپىسىنىڭ خىزمىتى تولىمۇ ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنى مومىسى بىلەن بوۋىسى دېگۈدەكلا بېقىپ چوڭ قىلغان. مانا بۇ يىل توققۇزىنچى ئايدا ئۇ ئىككىنچى سىنىپقا چىقىدۇ. مەكتەپتە ئۆگەنگەن ناخشا ـ قوشاقلارنى بوۋىسى بىلەن مومىسىغا ئوقۇپ بېرىدۇ. ئوماق نەۋرىسىنىڭ چېچەنلىكىدىن سۆيۈن-گەن مومىسى ئېلىپ قويغان تاتلىق ـ تۈرۈملىرىنى كۈندە ئۇنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويسا، بوۋىسى بازارغا ئاچىقىدۇ.

مەرھابا تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇغان چاغدىلا ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغانىدى. ئۇ باللار كىتابلىرىنى ھەجىلەپ ئوقۇپ چۈشىنىۋالاتتى ـ دە، ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا سۆزلەپ بېرەتتى. سانىيە ھەدە قىزىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىدىكى نومۇرلارنى كۆرۈپ رازى بولسىمۇ، يازغان خېتىدىن رازى ئەمەس ئىدى. مەرھابا ئوتتۇرىدا ئۇلىنىپ كېلىدىغان «ـە»، «ھ» ھەرپلىرىنى ئوخشاش يازاتتى. «س»، «ش»، «ئې»، «ئى» ھەرپلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە چىشلىرىنى بەزىدە ئوشۇق، بەزىدە كەم يېزىپ قوياتتى. بىر كۈنى مەرھابا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقاندا سانىيە ھەدە:

— قىزىم «ـە»، «ھ» ھەرپلىرىنى ئوخشاش يېزىپ قويۇپسىز، قاراڭ، مۇنداق يېزىلىدۇ، — دەپ كۆرسىتىپ قويسا، مەرھابا:

— سىزنىڭ خاتا، بىزنىڭ مۇئەللىم ئۇنداق ئۆگەتمىگەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

سانىيە ھەدە «ئېلىپبە» كىتابىنى ئېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن:

— مانا قاراڭ، «ئېلىپبە» كىتابتا مۇنداق يېزىلغان، — دېدى.

— سىز ئۇنداق دېگەنبىلەن مۇئەللىم ئۇنداق يازمايدۇ.

سانىيە ھەدە قىزىنىڭ مۇئەللىمىنىڭ خاتا بول-
سىمۇ توغرا دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ
قالدى.

باھار ئايلىرىنىڭ بىر دەم ئېلىش كۈنى، ساند-
يە ھەدە ھويلىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى. مەرھابا «ياردەم-
لىشىمەن» دەپ داسقا كىچىك، نازۇك قوللىرىنى
تىقىپ ئۆزىنىڭ كىرلىرىنى مىجىپ باقتى. باھار
ئايتىپى ئۇنى تەرلەتتى بولغاي، سايىگە بېرىپ مېھ-
ماندارچىلىق ئوينىدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆيدىكى چوڭ
ئاسما «ئېلىپبە» جەدۋىلىنى ئاچىقىپ باسما مىخ
بىلەن تامغا مىخلاپ بىر تال تاياقنى ئېلىپ، مۇنبەر
ئورنىدا قويۇۋالغان كاڭ جوزىسىغا «تاق، تاق…»
ئۇرۇپ قويدى. مەرھابا ئـۆزى-مـۇئەللىم، ئـۆزى
ئـوقـۇغۇچـى بولۇپ ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرۇش-
لىرى، سۆزلەشلىرى كىچىك مۇئەللىمنىڭ ئۆزى
ئىدى.

— ساۋاقداشلار، دىققەت، مەن ھازىر تۇنۇگۈن-
كى دەرسنى سورايمەن.

— ساباھەت، دوسكىغا چىقىڭ.

— ھەي، كەينىدىكى سېرىق چاپان جىم ئول-
تۇر.

— ساباھەتنىڭ ئىشلىگەن ھېسابى توغرىمۇ؟

— توغرا!!!

ئۇ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ:

— نېمانچە كانىيىڭلار يىرتىلىپ كەتكۈچە ۋارقىرايسىلەر، مەن يا پاڭ بولمىسام. مەن دوسكىغا خەت يازغاندا، ھېساب ئىشلىگەندە قولۇڭلارنى ئارقىغا قىلىپ، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ تىك ئولتۇرۇپ كۆرۈڭلار، — دېدى. ئۇنىڭ «خەت يازغاندا، ھېساب ئىشلىگەندە» دېگەن سۆزلەرنى مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى دوراپ يوغان چىقىرىشى سانىيە ھەدىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئالىم، جىم ئولتۇر، ئىچىڭدە قۇرت بارمۇ سېنىڭ؟ بۇنچىۋالا جىم ئولتۇرغۇزمايدىغان.

— ئاينۇر، دوسكىغا قاراڭ.

مەرھابا قولىدىكى تاياقنى جوزىغا زەردە بىلەن ئۇردى - دە:

— ئەمدى كىم جىم ئولتۇرمىسا بېشىغا ئۈچۈرگۈچنى ئاتىمەن!

مەرھابا ئىستاكاندىكى سۇنى ئىچكەن بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— تۇرغۇن، مۇشۇكمۇچۇ تاماق يەپ بولۇپ يۈزىنى سۈرتىدۇ، سېنىڭ يۈزۈڭ نېمە؟ ماڭ يۈزۈڭنى يۇيۇپ كىر.

— كۇلۇشمە!

— ......

سانىيە ھەدە مەرھابادىن سوئال سوراشقا باشلى-
دى:
— قىزىم، مۇئەللىمىڭىز مۇشۇنداق گەپ قىلامدۇ؟
— ھە، مەنچۇ ھېساب مۇئەللىمنى دورىدىم، ئۇ مۇئەللىمچۇ نازاكەت، ئەلفىرە، نەفىسە، ئادىللارغا ئامراق.
— سىزچۇ؟
— ماڭىما؟ ماڭا ئامراق ئەمەس.
— نېمىشقا؟
— سىلەر باشلىق بولمىساڭلار.
سانىيە ھەدە ئويلىنىپ قالدى، چوڭلار باللار ئالدىدا ئېھتىيات قىلساق بولغۇدەك. كەچ كىرگەن بولسىمۇ ئۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى. «كىچىك مۇئەللىم» بولسا بىر خىلدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالمىدەك قىزارغان مەڭزىگە سۆيۈپ قويغان سانىيە ھەدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالى-لارغا بەرگەن تەسىرىنى ئاتا - ئانىلار يىغىنى ئې-چىلغاندا ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆز كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ چىراغنى ئۆچۈردى.

# ھاكىمنىڭ قىزى

«بىرىنچى ئىيۇن» باللار بايرىمىدىن كىيىنـ
كى دەم ئېلىش كۈنى. بۇ ناھىيىگە يېڭىدىن تەيىنـ
لەنگەن ھاكىمنىڭ قىزى نازاكەت دوستى پاتىگۈل
بىلەن بىللە پاتىگۈلنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسىنى
يوقلاش ئۈچۈن لۈكچۈن يېزىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ
ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بېكەتتىن قوزغىلىپ
بىر يېرىم سائەتتە لۈكچۈنگە كەلدى.

ئۇلار سوۋغىلارنى كۆتۈرۈشۈپ بۇككىدە دەـ
رەخلىك مەھەللىلەردىن ئۆتتى. ھويلا ئالدىدا ئۆسـ
كەن ھەم باراڭغا ئېلىنغان يېشىل تونلۇق تەكلەر،
غۇچچىدە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر، تىنىماي سايـ
راۋاتقان قۇشلار نازاكەتنى ئۆزىگە بەكلا مەپتۇن
قىلىۋالدى. ئۇلار ئىككى قېتى جۇجەم، تېرەك،
قارىياغاچ دەرەخلىرى ئۆستەڭنى ياقىلاپ
سەل ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر مەھەللىگە قايرىلىپ
ئانچە ماڭمايلا مەنزىلگە كەلدى. بېشىغا سۇتتەك ئاق
لېچەك سالغان، يارىشىملىق چىم ـ چىم گۈللۈك
چىت كۆڭلەك كىيگەن ئايىمخان ئانا ئۇلارنى قىزـ
غىن كۈتۈۋالدى.

قىزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مەرۋپ بوۋاي خۇشاللىقىنى باسالماي قالغانىدى.

— نەۋرىمىز بىزنى يوقلاپ كەلگۇدەك بوپتۇ، هوي، مەقسۇت قىزىل تاجلىق خورازنى نەچچە كۈن بۇرۇن كاتەككە سېلىپ قويغان، سوي بالام، بىزنى قالتىس خۇشال قىلىۋەتتىڭلار قىزلىرىم، — دېدى بوۋاي.

پاتىگۇلنىڭ تاغىسى مەقسۇت ئاكا هەش - پەش دېگۇچە بوۋاينىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى.

— يۈرۈڭلار، قىزلىرىم، تاماق تەييار بولغۇچە باغقا كىرەيلى.

ئۇلار چىنىدەك پاكىز هويلىدىن ئۆتۈپ، هەش-قىپچەك، يۆگەيلەر چىرمىشىپ كەتكەن قاشانى بويلاپ باغ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كاككۇك سايراشقا باشلىدى. باغدا خىلمۇخىل دەرەخلەر با-راقسان ئۆسكەنىدى. سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈكلەر ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ ئىدى. ئىككى قىز بوۋىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي سېۋەتلەرگە ئۆ-رۈكلەرنى تېرىپ تولدۇرۇۋەتتى، ئۇلار ئارىلاپ - ئارىلاپ ئېرتىۋېتىپ ئاغزىلىرىغا سېلىۋالاتتى.

ئۇلار كۈننىڭ قانداق كەچ بولغىنىنى بىلمەيلا قېلىشتى. تەبىئەتنىڭ بارچە گۈزەللىكى مۇجەس-سەملەشكەن بۇ پاك زېمىن ئۇلارنى ئۆزىگە بەكلا

مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ئاخشىمى ئۇلار ئۆگزىدە يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. ئە-تىسى سەھەردە يەنە باغدا كېپىنەك قوغلاپ ئويناش-تى. مۇزدەك سۇزۇك سۇدا ئۆرۈكلەرنى يۇيۇپ قاق سالدى. ئۇلار چۇشكە يېقىن بوۋىسى راسلاپ بەر-گەن ئىككى سېۋەت ئۆرۈكنى هارۋىغا سېلىپ، كۆزلىرى قىيمىغان هالدا ئۆيلىرىگە قايتىش ئۇچۇن بېكەتكە كەلدى. چىڭقىچۇش بولغاچقا كوچىدا ئادەم-لەرمۇ ئاز ئىدى. ئۇلار قاتار تىزىلغان مىنىبۇسلار-نىڭ ئەڭ ئالدىدىكىگە چۇشۇپ جايلاشتى.

— بوۋا، سەن كېتىۋەر، بىز كېتەلەيمىز، ئىسسىقتا سېنىمۇ جاپادا قويدۇق، — دېدى پاتى-گۇل.

بوۋاي هارۋىسىغا چۇشۇپ ئاپتاپلىق يولدا كەت-تى. ئالاهازەل يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن شو-پۇر:

— ئاۋۇ ماشىنىغا چۇشۇڭلار، مەن ماڭمايدىغان بولدۇم، — دېگەندە، ئىككى قىز سېۋەتلىرىنى مىڭ تەستە كۆتۇرۇپ مىنىبۇس ئالماشتى. يەنە يېرىم سائەت ئۆتتى، مىنىبۇس قوزغىلاي دېمەيتتى. يو-لۇچىلار خېلى دەۋەت قىلدى، مىنىبۇس ئىچى تو-نۇردەك قىزىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئۇلار ئولتۇر-غان مىنىبۇسنىڭ شوپۇرى يەنە بىر شوپۇرغا:

— سەككىز ئادەم بار، بىرىگە ئىككى يوەندىن بەرسەڭ ساڭا بىرەي، — دېدى.
— ھەممىنى ئون يوەنگە بەر.

ئۇلار مىنىبۇس ئالماشتى، لېكىن مىنىبۇسنىڭ ماڭمىغىنى كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ مىنىبۇس ئاندىن ماڭدى. ئۇلار ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە ئىسسىقنىڭ تەپتىدە ئارانلا بولۇپ قالغانىدى.

نازاكەت ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن «لوكچوڭ تەسىراتلىرى» نى دادىسىغا سۆزلەپ بەرگەندە دادىسى قىزىقىپ ئاڭلىدى، بولۇپمۇ نازاكەت مىنىبۇستىكى «سېتىلىشلار» نى سۆزلىگەندە بەزىلىرىنى خاتىرىلىۋالدى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. دەم ئېلىش كۈنى ھاكىم ئەمگەك قىلغاندا كىيىدىغان كونا كىيىمنى كىيىپ لوكچوڭغا قاراپ يول ئالدى. بىر - بىرىدىن گۈزەل باغلارنى، سەمىمىي كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى. يازنىڭ خاسىيىتىدىن سۆيۈنۈپ مۇزدەك قۇدۇق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. دېھقانلارنىڭ ھال - مۇڭىنى ئاڭلىدى. مەھەللىلەرنى ئارىلاپ كۈن قايرىلغاندا بېكەتكە كەلدى. ئۇ ئەڭ ئالدىدىكى مىنىبۇسقا چىقىپ قارا كۆزەينەكنى تاقاپ ئولتۇ-

رۇۋالدى. شوپۇرلار كۆنلۈكنىڭ سايىسىچىلىك سا-
يە چۈشمەيدىغان دەرەخنىڭ سايىسىدە پىۋا ئىچىپ
ئولتۇرۇشاتتى. مىنىبۇسقا يەنە ئۈچ يولۇچى چىق-
تى، ئارىدىن بىرى:
— ئۇستام، يەتتە ئادەم بولدۇق ماڭامىلا، —
دېۋىدى، شوپۇر يۇمۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بې-
لەتچى بالىنى يولۇچىلارنى ساناشقا بۇيرۇدى.
— يەنە ئۈچ ئادەم كەلسە ئون بولىدىكەن، —
دېدى ھېلىقى بالا.
— تۆت بوتۇلكا پىۋا ئېلىپ بەرسەڭ، بۇ ئادەم-
لەرنى ساڭا بېرىمەن، — دېدى ھاكىم ئولتۇرغان
مىنىبۇسنىڭ شوپۇرى كەينىدىكى مىنىبۇسنىڭ شو-
پۇرىغا.
ھاكىم باشقا يولۇچىلاردەكلا مىنىبۇس ئالماش-
تى. ئۇلار سەل ماڭغاندىن كېيىن بىرى يولنى
توسىدى ـ دە، شوپۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— ماشىنا ئالدىم دەپ بىزنى ئۇنتۇپ قاپسەن ـ
دە گۇي، چۈشە بىرەر قاپاقتىن ئىچىشەيلى، قاچان-
دىن بېرى تۆت تەڭگىنىڭ كۆزىگە قارايدىغان بولۇپ
قالدىڭ؟ — دېدى.
شۇ ئەسنادا باشقا يېزىدىن بىر مىنىبۇس كې-
لىپ قالدى. شوپۇر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ
ھېلىقى مىنىبۇسنىڭ شوپۇرى بىلەن سودىلاشتى:

— يەتتە ئادەم بار، ئون بەش يۈەن بەرسەڭ ساڭا بېرەي، ھەممىسى ناھىيە بازىرىغا بارىدۇ.

ئۇلار ئون ئۈچ يۈەنگە كېلىشتى. ھاكىم گەپ - سۆزسىز مىنىبۇس ئالماشتى. مىنىبۇس بىر خىلدا كېتىپ باراتتى، يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى خورەك تارتىپ ئۇخلىسا، بەزىلىرى يىراقلاردىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ كېتىپ باراتتى. ھاكىم بولسا ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىم «سېتىلغان» لىقىغا، بەزىبىر قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بوشاڭلىقى ۋە شوپۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ كىرا ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىك، قاتناش قائىدە - تۈزۈم ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكىگە ئاچچىقلاندى. ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بۇ ناچار ئىستىللارنى ئوڭشاشنىڭ پىلانىنى تۈزگەچ قىزىغا رەھمەت ئېيتماقتا ئىدى.



**图书在版编目(CIP)数据**

被诬为窃贼的女孩/帕尔哈提·卡孜木著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.6
ISBN 7—5371—4517—2

Ⅰ.被… Ⅱ.帕… Ⅲ.儿童文学—故事—作品集—中国—当代—维吾尔语 （中国少数民族语言）
Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 031761 号

责任编辑：玛丽亚木·库尔班
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

**被诬为窃贼的女孩**(维吾尔文)
(儿童故事集)
**帕尔哈提·卡孜木 著**

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 3.25 印张
2003 年 6 月第 1 版 2003 年 6 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—4517—2/I·4058 定价:4.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ



# ئۇغرى ئاتىلىپ قالغان قىز

ISBN 7-5371-4517-2

9 787537 145176 >

ISBN7-5371-4517-2
(民文)　定价:4.00 元